ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

4

# كىتابى غېرىب

ئاپتورى: تۇردى ئازىم غېرىبى
نەشرگە سۇنغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# كىتابى غېرب

ئاپتورى: تۇردى نازىم غېرىبى
نەشرىيلەشتۈرگۈچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە نامى: ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2 (4)

كىتاب نامى: كىتابى غېرىب

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئاپتورى: تۇردى نازىم غېرىبى

نەشرىيلەشتۈرگۈچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۈل

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 4.875

نەشرى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9

ئومۇمىي باھاسى: 106.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

## مۇندەرىجە

جاھان ئەھلىگە ھۈنەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ............ 1
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سورۇنغا جەم بولۇشى ..................... 5
دېھقاننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى .......................... 6
تۆمۈرچىنىڭ دېھقاننىڭ ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىشى ......... 10
تۆمۈرچىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى ........................ 13
زەرگەرنىڭ تۆمۈرچىنىڭ ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىشى ...... 17
زەرگەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى .......................... 21
ياغاچچىنىڭ بايانى ............................................... 23
باپكارنىڭ بايانى ................................................ 25
ئەتىرچىنىڭ بايانى ............................................... 28
ناۋايىنىڭ بايانى ................................................ 30
قازانچىنىڭ بايانى ............................................... 33
مىسكەرنىڭ بايانى ............................................... 35
جۇۋىچىنىڭ بايانى ............................................... 36
تامچىنىڭ بايانى ................................................. 38
موزدۇزنىڭ بايانى ............................................... 40

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىلچىچەنىڭ بايانى ........................ 42
يىپ - ماتا يۇغۇچىنىڭ بايانى ........................ 44
بوياقچىنىڭ بايانى ........................ 45
ئېگەر - توقۇمچىنىڭ بايانى ........................ 47
باسمىچىنىڭ بايانى ........................ 49
تۆگمەنچىنىڭ بايانى ........................ 51
جۇۋازچىنىڭ بايانى ........................ 53
قاسساپنىڭ بايانى ........................ 55
باققالنىڭ بايانى ........................ 57
ئەۋرىشىمچىنىڭ بايانى ........................ 59
تاۋاقچىنىڭ بايانى ........................ 61
نەقىشچى بىلەن سىرچىنىڭ بايانى ........................ 63
شالگەر بىلەن ساغرىچىنىڭ بايانى ........................ 66
بورىچىنىڭ بايانى ........................ 68
كىگىزچىنىڭ بايانى ........................ 69
سوپۇنچىنىڭ بايانى ........................ 71
كەمەرچىنىڭ بايانى ........................ 73
ساتىراشنىڭ بايانى ........................ 74
ئاتقۇچىنىڭ بايانى ........................ 76
تارچى ئۇستىنىڭ بايانى ........................ 78
كۆنچىنىڭ بايانى ........................ 79
دېھقاننىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ........................ 85

سودىگەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 86
تۆمۈرچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 88
زەرگەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى .......... 90
ياغاچچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ....... 92
باپكارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى .......... 94
ناۋاينىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ............ 96
قازانچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 98
جۇۋچى، تىككۈچىلەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن
جاۋابى ................................................ 101
تامچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ........... 103
مىسكەرچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ...... 105
موزدۇزنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 107
زىلچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ........... 108
بۆزچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ........... 110
باسمىچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 112
بوياقچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 114
ئىگەر ـ توقۇمچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ... 117
تۇگمەنچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ...... 119
جۇۋازچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ......... 122
قاسساپنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى .......... 124
باققالنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى .......... 126
ئەۋرىشىمچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ...... 128

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاۋاقچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ········· 131
شالگەر ـ ساغرچىلارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن
جاۋابى ········· 133
كىمسەنچى، سىرچىلارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن
جاۋابى ········· 135
بورىچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ········· 138
ساتىراشنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ········· 139
كۆنچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى ··········· 142
شائىر غېرىبىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان خىتابى ········· 144
شائىرنىڭ نەسىھەتى ········· 145
كىتابنىڭ خاتىمىسى ········· 146

# جاھان ئەھلىگە ھۈنەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

ئاللا ئىلىم بىلەن بىرلىرىنى يول باشچى قىلىپ، بىرلىرىنى ئالەمدىكى ھەممە نەرسىگە سازاۋەر، ئىگە قىلىپ موھتاجلىقتىن خالاس قىلدى. بەزىلىرىنى ئاجىز ـ زەبۇن قىلىپ، خار ـ زارلىقتا، موھتاجلىقتا گىرىپتار قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ئەجىر-مېھنىتىگە لايىق ھىممەت، ياخشىلىق، ساخاۋەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن 32 ھۈنەرنى يارىتىپ، ھۈنەرۋەنلەرنى ئەجرى بىلەن جاھان ئەھلىگە مۇتىۋەر قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ھۈنەرلەرنى كىشىلەر يارىتىلىشى بىلەنلا بولۇشۇپ ئېلىپ، بۇ دۇنيادا ھەممىسى ئۆزى بىلگەنچە ئىش ئېلىپ باردى. ئەڭ دەسلەپتە بىرى دېھقانچىلىقنى ئۆزىنىڭ ھۈنرى قىلىپ تاللاپ، ئۆز ھۈنرىنىڭ ئەندىشىسىنى، غەم ـ قايغۇسىنى قىلىشقا باشلىدى. شۇ زامان يەنە بىرى تۆمۈرنى تۆمۈر بىلەن سوقۇپ، تۆمۈرنىڭ نالە ـ زارىنى ئالەمگە بىر كەلتۈرۈپ، تۆمۈرچىلىكنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىپ تاللاپ، ئۆز كەسپىنى ئالەمگە نامايان قىلىشقا ئالدىرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرى ئىمارەتلەرگە نەقىش بېرىش، ساراي ـ ئوردىلارنى زىننەتلەش، مىمارچىلىقتا شۆھرەت قازىنىشنى نىيەت قىلىپ

ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى تاللىدى. يەنە بىرى، ئالتۇندىن تاج ياساپ، پادىشاھلارنىڭ ھىممىتىگە نائىل بولۇش، زەر ھالقا سوقۇپ پەرى سۈپەت گۈزەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن زەرگەرلىكنى ھۈنەر قىلىپ تاللىدى. يەنە بىرى، مىسكەرلىكنى ھۈنەر قىلىپ تاللاپ، ئۆز ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ دۈلدۈلىغا مىنىشكە ئالدىرىدى. بىرى بۆزچىلىكنى ھۈنەر قىلىپ، بۆز بىلەن تۈرلۈك لىباسلارنى توقۇپ، ئالەم ئەھلىنى چىرايلىق لىباسلار بىلەن بېزەپ گۈزەللەشتۈرۈشكە بەل باغلىدى. بىرى، قوي - پادا تېرىلىرىنىڭ مويلىرىنى ئېلىپ، خۇرۇم ئىشلەش ھۈنىرىنى ئېلىپ، ئۆز ئىلمىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتى. بىرى، تامچىلىق ھۈنىرىنى كەسىپ قىلىپ تاللاپ، تۇپتۈز زېمىنغا لايدىن قەسىر - قورغان سېلىشقا كىرىشتى. بىرى، موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى تاللاپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۆتۈك بىلەن يالاڭ ئاياغلارنى تاقىلاپ، مۇشكۈلىنى ئاسان، يىرىقنى يېقىن قىلىشقا نىيەت قىلدى. بىرى ، گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى ئىختىيار قىلىپ، موي - ئېيپەكتە زىلچا - گىلەم توقۇپ، ساراي - قەسىرلەرنى زىننەتلەشكە تۇتۇش قىلدى. يەنە بىرى، چاق بىلەن يىپ ئېگىرىشنى تاللاپ، يىپ ئېگىرىشكە ئالدىراپ كەتتى. بىرى باسمىچى، نەققاشلىقنى ھۈنەر قىلىپ تاللاپ، نەقىش بىلەن ھۈنىرىگە جان كىرگۈزۈشكە بەل باغلىدى. يەنە بىرى ئېگەر - توقۇم ياساش ھۈنىرىنى كەسىپ قىلىپ، ئېگەر - توقۇم ياساشنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئېگەر - توقۇم بىلەن

ئاتلارغا جۇلا ـ سۆلەت بېرىپ، ئاتنى ئەرگە قانات قىلىشنى نىيەت قىلدى. بىرى بوياقچىلىقنى ھۈنەر قىلىپ، ھۈنەردە كۆز بوياپ، ئاقنى قارا قىلىپ جاھاننى مالىمان قىلدى. بىرى سىرچىلىققا كۆڭۈل باغلاپ، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ھۈنەر قىلىپ، نەققاشلارغا جان كىرگۈزمەك بولدى. بىرى زىننەتچىلىك ھۈنىرىگە مۇھەببەت باغلاپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ھەل بېرىپ، تېرىنى ئالتۇندەك چاقنىتىپ، كىتابلارنىڭ قۇر ـ بابلىرىغا ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىشكە تۇتۇش قىلدى. شۇ زاماندا بىرى ئاتقۇچىلىقنى ھۈنەر قىلىپ، ھۈنەرنىڭ ھىممىتىنى ئاياللارغا سېپىتىشنى نىشان قىلدى. بىرى بورىچى بولۇشنى ئىختىيار قىلىپ، قومۇشتىن تۈرلۈك ـ تۈمەن بىسات توقۇپ، خەلققە ئىنئام قىلماقچى بولدى. بىرى كۇلالچىلىق كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ، سۇ بىلەن لايدىن تاۋاق، قاچا ـ قۇچا ياساپ جاھان ئەھلىنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرماقچى بولدى. بىرى توقۇمىچىلىق كەسپىنى ئىختىيار قىلىپ، ئەۋرىشىم مەشۇتلاردىن شايى ـ ئەتلەس توقۇپ، جاھان رەنالىرىنى بېزەپ، جاھاننى ناز ـ كەرەشمىگە تولدۇرماقچى بولدى. بىرى ساتىراشلىق ھۈنىرىنى تاللاپ جاھان ئەھلىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى، بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ پاكىزلىق ئەلچىسى بولماقچى بولدى. بىرى ئاشۇ جاھاندا ياغچىلىق ـ جۇۋازچىلىق ھۈنىرىنى قوبۇل قىلىپ، ياغ ئىچىدە ئېرىپ، ئاۋامنىڭ تائاملىرىغا سىڭىپ لەززەت بېغىشلىماقچى بولدى. يەنە بىرى شۇ زاماندا كۆنچى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، زەيكەشلىكتە پاتقاق كېچىپ، ھېيلە بىلەن شوينا ئېشىپ، كالا تېرىسىگە ساختىلىق ئىشلىتىپ كۆن قىلماقچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا مەيپۇرۇش ئىش باشلاپ، ھالال - ھارامنى چىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ مەي تەييارلاپ، جاھان ئەھلىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، غەم - قايغۇدىن بىدار قىلماقچى بولدى. بىرى تېرىلەرگە رەڭ بەرگۈچى بولۇشنى ئىختىيار قىلىپ، تېرىنى بىكارغا ئېلىپ، تېرىنى سۇنۇچ بىلەن ئەيلەپ يېشىل قىلدى. بىرى قاسساپلىق ھۈنىرىنى ئىختىيار قىلىپ، ھەر كۈنى غەمسىز ئۆلتۈرۈپ قان تۆكۈپ، كۆپ جاننى قىردى.

بۇ ھۈنەر - سەنئەتلەر جاھان ئەھلىگە ئەنە شۇنداق تەقسىم بولدى. ھەربىر ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر ھۈنەر - كەسىپكە ئىگە بولۇپ، ئاشۇ ھۈنەر - كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېرىدى. بۇ ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان يامان ئىش - ھەرىكەتلەر، پىتنە - پاساتلار داستان بولۇپ باشقىلارغا ساۋاق بولاتتى. چۈنكى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان ئەھدە - ۋەدىلىرى كەسىپداشلار ئارىسىدا ئۇچۇق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ھەركىم ئۆز كەسپىگە قانائەت قىلاتتى.

جاھاندا ئادەم نەسلى كۆپەيگەندىن كېيىن، ھەممە كەسىپلەر ھەر تەرەپكە تارالدى. ھەممە ئادەم ئۆز كەسپىدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۆز كەسپىگە تەمەننا قويۇپ، مەنمەنچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلدەك ئىشىنى جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈشكە ئالدىراشتى. ھەربىر ھۈنەرۋەن ئۆز كەسپى - ھۈنىرىنى

باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ كۆرستىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھەرىكەت ـ چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى، مىجەز ـ خۇلقىنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلىدى. بىرىنىڭ سۆزى، بىرىنىڭ پەند ـ نەسىھەتىنى بىرى ئېتىبارغا ئالمىدى، ئاڭلىمىدى. بىرىنىڭ پەزىلىتى بىرىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ھۈنەرۋەن ـ كەسىپدارلار بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، تالىشىپ، ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا ھەسەت، نادامەت پەيدا بولۇپ جېدەل كۆتۈرۈلدى.

## ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سورۇنغا جەم بولۇشى

ئالەمگە يارىتىلغان 32 ھۈنەرنى ئىنسانلار ئۆز خاھىشى، ئارزۇسى بويىچە تەقسىم قىلىپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۆز جىسمىدىكى نەپسىنى باشقۇرالماسلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ماھىيىتى بويىچە ئۆزىگە نېسىپ بولغان كەسىپنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇلۇغلۇقىنى جاھانغا، جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈش، بىر ـ بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئۈچۈن ئۆز ھۈنىرىنى تەنتەنە قىلىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇشماي ئۈستۈنلۈك تالاشتى. بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشتى. بۇنداق تالاش ـ تارتىش ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ ھەل بولمىدى. ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن بولغاچقا، ھۈنەر ـ كەسىپلەر روناق تاپماي،

يۇرتنىڭ باياشاتلىقى، پاراۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. يۇرت ئەھلى ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشنى تۈگىتىش، ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ روناق تېپىپ، يۇرتنى باياشاتلىققا چۆمدۈرۈش ئۈچۈن كاتتا سورۇن تۈزۈپ، ھۈنەرۋەنلەرنى بىر يەرگە جەم قىلدى. ئۆزلىرىنى بىر سورۇندا كۆرگەن ھۈنەرۋەنلەر بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. يۇرت ئاقساقىلى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ھۈنەرۋەنلەرگە ۋەزمىن ئاھاڭدا :

— مۆھتەرەم ھۈنەرۋەنلەر، ھەرقايسىڭلارنى بۇ يەرگە جەم قىلىشتىكى مەقسەت، ئاردىكى تالاش - تارتىشنى تۈگىتىپ، ھۈنەر - كەسىپنى روناق تاپقۇزۇپ، يۇرتنى باياشاتلىققا تولدۇرۇش ئۈچۈندۇر، — دەپ ھۈنەرۋەنلەرنى بۇ سورۇنغا يىغىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلدى.

ھۈنەرۋەنلەر يۇرت ئاقساقىلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باش قاتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

## دېھقاننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى

ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ھۈنەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۋاتقاندا يىلنىڭ 365 كۈنىدە ئېتىزدا تىنىم تاپماي

ئىشلەپ، ۋاقىتسىز قەددى ئېگىلگەن دېھقان ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. دېھقاننىڭ چىرايى تومۇزدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنىدى. پېشانىسىدىكى تال - تال قورۇقلىرى ئۆزى بىنەمگە تارتقان چۆنەكلەردەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆز نۇرىنى كۈچلۈك قۇياش نۇرىدىن قاچۇرۇپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەنىدى. دېھقان ئادىتى بويىچە قاداق باسقان قوللىرىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ قويۇپ، سورۇن ئەھلىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئۆز پەزىلىتى، ئارتۇقچىلىقىنى، قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارىلاش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

— ئەي دوستلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ پەزىلىتىمنى بىلىۋېلىڭلار، مېنىڭ كەسپىم دېھقانچىلىق ھەزرەت ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان. ئادەم بېھىشتا پەرمانغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بېھىشتىن چىقىرىلىپ ئاسماندىن يەرگە چۈشۈرۈلدى. ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ھەققە سېغىنىپ نەچچە يىل يىغلىدى. ئاللا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ رەھىم قىلدى. ئاللا ئادەمنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن زىرائەت تېرىشنى پەرمان قىلىپ، بېھىشتىن نەچچە تال داننى ئەكىلىپ بەردى. دېھقانچىلىق قىلىشقا كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن سايمانلارنى ھازىرلاپ بەردى. ئادەمگە دېھقانچىلىق قىلىش ئىلمىنى ئۆگەتتى. ئادەم دېھقانچىلىق ئىلمىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر جۈپ ئۆكۈز ئەكىلىپ بەردى. ئادەم

ئۆكۈزلەرنى ئىشقا سېلىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، شۇ زامان ئۇرۇق چاچتى. ئادەم ئۆز ئەۋلادىغا دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلىپ، نان يېيىشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. ئۆز رىزقىنى تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز رىزقىنى ئۆزى ئىزدەپ زېمىندىن يەر ئېچىپ، سۇ باشلىدى. ئۇرۇق چاچتى. زېمىندا باغ ۋە بوستان، يەنە گۈلىستانلارنى پەيدا قىلدى. دەريالارنى باشلاپ كېلىپ، تۇرلۇك دەل - دەرەخلەرنى تېرىپ ئۇندۇردى. ئادەمنىڭ ئەجرىنىڭ بەركىتى بىلەن يەر يۈزى جەننەتكە ئوخشاش گۈزەللەشتى. تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلار ناۋا قىلىشقا باشلىدى. مانا مەن قىلىۋاتقان دېھقانچىلىق ئىلمى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەمدىن بىزگە مىراس قالغان. بىز تەۋەككۈل قىلىپ، يەرنى ئاغدۇرۇپ، نۇرغۇن مۇشەققەت، جەبىر - جاپا بىلەن زىرائەت تېرىپ، جاپا - مۇشەققەت بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرىمىز. بىزنىڭ ئەجرىمىزدىن ھەرقاچان شاھ ۋە گاداي بولسۇن بەھرە ئېلىپ خۇشال يايرايدۇ. ناۋا قىلىشىدۇ. چۈنكى، ئاللا بىزگە ياخشىلىق قىلىپ، بىرگە مىڭنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇغدايلار بىلەن خامانلار تولۇپ تۇرىدۇ. يەنە خاماندا چېچىلغان ئۇرۇقلار بارلىق قۇشلارغا ئوزۇق بولىدۇ. دېھقانچىلىقتىن ئادەمدىن تارتىپ ھەممە جان - جانىۋارلارغىچە بەھرىمەن بولىدۇ. دېھقانچىلىقتىن بەھرىمەن بولغانلارنىڭ دۇئا - تەلەپلىرى بىلەن دېھقانچىلىقىمىز روناق تېپىۋاتىدۇ. باشاقچى باشاق تېرىپ مەنپەئەت ئېلىپ، بىلىكگە كۈچ -

قۇۋۋەت يىغىدۇ. تىلەمچى ـ گادايلارمۇ دېھقانىنىڭ ھىممىتى بىلەن تويۇپ شادلىقتا چۆمىدۇ. مانا بۇلار دېھقانلارنىڭ ئەجرىنىڭ، پېشانىسىدىن ئاققان ماڭلاي تەرىنىڭ خاسىيىتىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن دېھقانىنىڭ جاھاندىكى يېگانە پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جاھان ئەھلى، جاھان خەلقى دېھقانغا موھتاج بولسا دېھقان بەرسە توق بولىدۇ. دېھقان بەرمىسە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. شۇڭا، دېھقانچىلىق كەسپى ھەممىدىن ئەلا. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىسى كارغا كەلمەيدۇ. ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇڭا، بىز ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئۈستۈن. جاھان خەلقى، جاھان ئەھلى بىزگە ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. تېخى باياۋانلاردا نۇرغۇن دەل ـ دەرەخ تىكتۇق. ئۇ دەرەخلەردىن كۆپ نەتىجە ھاسىل بولدى. باياۋانلاردا يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانلار، چاڭقىغانلار تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، دەرەخ سايىلىرىدا ئارام ئېلىشىدۇ. باغلارغا نۇرغۇن تەك، ئەنجۈر، ئانار تىكىپ، باغ ئىچىنى مېۋىزار قىلدۇق. مېۋىزار باغلارنى گۈلشەندەك بېزەپ، پىر ـ ئۇستاز، دوست ـ يارەنلەر بىلەن بەزمە ئۇيۇشتۇردۇق. باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن پۈتكۈل ۋادا چىمەنزار، گۈلزار، لالەزار بولىدۇ. جاھان ئەھلى ئاشۇ گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇپ، جاھانىنىڭ غېمىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتتىن جىگەر باغرىمىزنى خۇن قىلىپ، پاك زېمىنغا قوغۇن تېرىيمىز. چۈنكى، قوغۇنىنىڭ شەربىتىدە ئاجايىپ نۇرغۇن خاسىيەت بار. بىز ئىنسانلارنىڭ تائام يېيىشكە

ئاساس سالغاچقا بىزنىڭ نېمەتلىرىمىزنى يېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە مەدھىيە ئوقۇشى كېرەك. ئۈمىدىم شۇكى، ھەق بىزگە ھەددى ـ ھېسابسىز ھىممەت ـ نېمەت ئاتا قىلسا.

دېھقان ئۆز ھۈنىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەجىر ـ مېھنىتى، ئەجىر ـ مېھنىتىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ نېمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، سۆزىنى تۈگىتىپ مەغرۇر ھالەتتە تۇردى.

## تۆمۈرچىنىڭ دېھقاننىڭ ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىشى

سورۇن ئەھلى دېھقاننىڭ ئورۇنلۇق، ئىسپاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دېھقاننىڭ قەددىنىڭ ۋاقىتسىز ئېگىلگەنلىكىنىڭ، چىرايىنىڭ قارىداپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. دېھقاننىڭ ئەجرىنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى، جاپاكەش ـ مېھنەتكەش ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. لېكىن، دېھقاننىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ياكى ناھەق، راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتقاندا تۆمۈرچى چوغ ئىچىدە قىزارغان تۆمۈرنى سەندەلگە قويۇپ بازغان بىلەن ئۇرغاندا چاچرىغان ئۇچقۇندەك چاچراپ تۇرۇپ، سورۇننىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، ئالەمنى مالەم قىلغۇدەك ئاۋاز بىلەن قىزىق تۆمۈرنى سۇغا سالغاندەك قايناپ، دېھقاننىڭ ئېيتقانلىرىغا رەددىيە بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي سەھەرلىق تومپاي دېھقان، بۇنچە كۆپ سۆزلەرنى نەدىن تاپتىڭ. ئۆزۈڭ ھەققىدە سۆزلىدىڭ. باشقىلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىلمىدىڭ. بىزدىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنى ماختاپ، تولا لاپ ئۇرۇپ سۆزلىدىڭ. ئېيتقان سۆزلىرىڭنىڭ بەزىسى ئەمەلىيەتكە خىلاپ، خاتا. چۈنكى، خۇدا نەچچە ئىشنى قىلىشقا ئەمر قىلدى. سەن بولساڭ خۇدانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلمىدىڭ. خۇدا ساڭا دېھقانچىلىقنى بەرگەندە يەر تېرىپ ئالغان ھوسۇلۇڭدىن ئۆشرە بېرىشنى بۇيرۇغان. لېكىن، سەن ئۆشرە بەرمىدىڭ. ئۆشرە بەرگەن بولساڭ نانلىرىڭ ھالال، تېخىمۇ شېرىن بولاتتى. باشقىلارنىڭ يېرىگە زىرائەت تېرىپ، ئورتاقچىلىققا خىيانەت قىلدىڭ. كېچىدە بۇغداي باشقى، چەشنى ئوغرىلاپ تاغىرىڭنى توشقۇزدۇڭ. خامان ئېلىپ، ھوسۇل ئالغان ۋاقتىڭدا بىرى كېلىپ ئۆشرە بەر دېسە ئازابلىنىپ جېنىڭ چىققۇدەك بولىسەن. خۇدا ھەممە مېۋىلەرگە ئۆشرە بېرىشنى پەرز قىلغاندى، سەن خۇدانىڭ پەرزىنى ئادا قىلدىڭمۇ؟ سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ. ھەدىيە قىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ھەدىيە قىلمىدىڭ. سېنىڭ ئىنسانلىقىڭ، ئىناۋىتىڭمۇ قولۇڭدىكى قاداققا ئوخشاش قېتىپ كەتكەن. ناماز ئوقۇماي دىلىڭ قارىداپ كەتكەچكە تىلسىز ئۆكۈزنى يەر ئاغدۇرۇشقا سېلىپ ئازابلىدىڭ. دېھقانچىلىق قىلىشتا، دېھقانچىلىق رىسالىسىگە ئەمەل قىلماي، خۇدانىڭ ئەمرىنى ئاسان چاغلاپ ئىش قىلدىڭ. قوتىنىڭدا چارۋا تۇرۇپ زاكات بەرمىدىڭ. شۇڭا، خۇدادىن قورقۇپ، خەلقئالەمدىن

خىجىل بول. ھويلاڭغا قاراشقا ئىت باقتىڭ. ئادەم كەلسە ئىتلىرىڭ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ قاۋاپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ئىتلىرىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن قەلەندەرلەرنى نەچچە رەت قوغلاپ، سۆر - توقاي قىلدى. ھويلا تاملىرىڭنى چىتلاپ بېشىنى پەلەككە يەتكۈزدۈڭ. موللاملارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالساڭ ئاغرىق بولۇپ يېتىۋالىسەن. موللام ئەمرىمەرۇپ سۆزلەپ نەسىھەت قىلسا خېرىدار بولۇپ ئىلتىپات كۆرسەتمىدىڭ. ھەممە ھوسۇلۇڭنى يەر ئاستىدىكى گەمىگە يوشۇرۇپ، ئاسمان - پەلەك باھا قويۇپ ياتىسەن. سەن قىممەت ساتساڭ خۇشال بولىسەن. ئاۋاتلىقىڭ خاراب بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايسەن. ئەگەر سەن دېھقانچىلىقنى راستلىق، سەممىيلىك بىلەن قىلساڭ، ساختىپەزلىك ئىشلەتمىگەن بولساڭ، ھەممە نەرسەڭ تەلتۆكۈس بولاتتى. شۇڭا، سەن ھالالنى ھارامدىن ئايرىغىن. خۇدانىڭ ئەمرىگە جان پىدا قىل. سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئەيىبلىرىڭنى ئۇنتۇپ، ئەلگە نەزەر سالماي كۆپ سۆزلىدىڭ. سېنىڭ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى تۆمۈرچى بىلەن پۈتىدۇ. ھەممە ئىشىڭدا تۆمۈرچى ساڭا يار - يۆلەك بولىدۇ. ئەگەر بىز بىلەن ھەمدەمدە بولمىساڭ، بىز ساڭا تاش ئاتىدىغان بولساق، سېنىڭ يازىڭ قىش بولۇپ ھەيرەتتە قالىسەن. چۈنكى، دەرەخ - ئورمانلىرىڭنى پۇتاشقا، ياساشقا ئورغاق ئىشلىتىسەن. بىز ياسىغان پىچاقنى ئىشلىتىپ ھەممە ھاجىتىڭدىن چىقىسەن. بىز يەنە ساڭا كەكە، تىشە ياساپ بەردۇق. سەن بولساڭ بۇ ئەسۋابلار

بىلەن ھۈنىرىڭنى كۆرسەتتىڭ. چۈنكى، سەن بىز ياسىغان كەتمەن بىلەن يەرنى چېپىپ، يۇمشىتىپ ئۇرۇق چاچىسەن. ھەممە ئىشىڭغا تۆمۈر بىلەن ئىلاج، تەدبىر قىلغاچقا ئىشلىرىڭ ئالغا بېسىپ راۋاج تاپتى. شۇنداق تۇرۇپ ھوسۇلۇڭنى خەلىقئالەم ئالدىدا مىننەت قىلىپ، ئۆزۈڭگە تەمەننا قويۇپ ماجىرا قىلىۋاتىسەن. ھەركىم ئۆز كۈنىنى ئۆز رىزقى بىلەن ئالىدۇ. سەن بولساڭ ئەپسانە سۆزلەپ باشقىلارنى بېقىۋاتىمەن دەپ كۆپ جېدەل قىلىۋاتىسەن.

دېھقان تۆمۈرچىدىن ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ پەسكويغا چۈشتى. جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. سورۇن ئەھلى دېھقاننىڭ بۇنچە كۆپ ئەيىب، نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## تۆمۈرچىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى

تۆمۈرچى دېھقاننىڭ ھالىغا قاراپ، ئۆز غەلىبىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇچقۇن كۆيدۈرۈپ داغ قىلىۋەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ كۆيۈك دەستىدىن ئۆز رەڭگىنى، ئىسكەتنى يوقاتقان چىرايى، دېھقاننى مەسخىرە قىلغان مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن تېخىمۇ سۆرۈن تۈسكە كىرىپ قالدى.ئۇنىڭ شۇ چىرايىنى ئادەم تاسادىپىي كۆرۈپ قالسا بىئارام بولاتتى. تۆمۈرچى سورۇن

ئەھلىگە قارىدى. شۇ تاپتا سورۇن ئەھلى تۆمۈرچىنىڭ بەتبەشىرە چىرايىغا قاراشتىن پەيدا بولغان ناخۇشلۇق ئىلكىدە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، تۆمۈرچىنىڭ ئاغزىدىن دېھقانىنىڭ ئۆزلىرى بىلمەيدىغان ئاجايىپ ئەيىب، نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ھەيرەتتە قېلىشقانىدى. ئۇلار تۆمۈرچىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئۇستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىنى شايى قىلىش، ئۇستۇنلۇك تالىشىش، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىش ئادىتى بويىچە چوڭقۇر مۇلاھىزىگە پېتىپ، سۈكۈتكە چۆمۈشكەنىدى. تۆمۈرچى ئۇلارنىڭ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشىنى ئۆزىگە قايىل بولغانلىق دەپ بىلىپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەق ـ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ھۈنىرىنى جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھۈنىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ، ئۆزىنى ماختاشقا باشلىدى:

— ئەي خالايىق، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئېيتقانلىرىمنى ياخشى ئاڭلاڭلار. بىر تۆمۈر بىلەن تىغ ياساپ، ئىنسانلارغا لازىملىق ھۈنەرلەرنى قىلىمىز. پولات بىلەن پىچاق ياساپ، ئورما ئورۇشقا ئورغاق سوقىمىز. ھەرە بىلەن پالتا ياساپ قۇرۇغان دەرەخلەرنى ئۇنىڭ بىلەن يىقىتىمىز. كەتمەن ياساپ زىرائەت تېرىش ئۈچۈن زېمىندىن يەر ئاچىمىز. تۆمۈردىن يەنە ئوق ئۈچى ياساپ ئوۋ ئوۋلايمىز. ئۇستىرا ياسىساق ساتىراشلار باشقىلارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ئېلىپ پاكىزلىق ئاتا قىلىدۇ.

قولۇپ ياساپ دەرۋازىغا سالىمىز. قىلىچ ـ شەمشەرلەرنى بىز ياسىغاچقا پالۋانلىرىمىز دۈشمەننى داغدا قالدۇردى. شۇڭا، دۈشمەنلەر يۇرتىمىزغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. يۇرت، خەلق ئامان، خاتىرجەم ياشايدۇ. تىرىكچىلىك روناق تاپىدۇ. يۇرت گۈللەيدۇ. لىباس توقۇيدىغان ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسىنى تۆمۈردىن ياسايمىز. ئاشۇ ئەسۋابلار بىلەن زەردىن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك لىباسلار تەييار بولىدۇ. لىباسلار جاھان ئەھلىگە زىننەت، راھەت، ئاسايىشلىق بەخش ئېتىدۇ. يەنە تۆمۈردىن ئاتنىڭ پۇتىغا تاقا تاقاپ، ئاتنى ئازابتىن خالاس قىلىپ، ئاتقا قانات چىقىرىپ ئۇچقۇر قىلىپ، يىراقنى يېقىن قىلىمىز. ئاتنى ئەرگە قانات قىلىمىز. ئاتنى چەۋەندازلار مىنىپ جەڭ مەيدانلىرىدا جەۋلان قىلىدۇ. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ تۇزان دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى خىرە قىلىپ غەپلەت باستۇرىدۇ. چەۋەندازلىرىمىز نۇسرەت ئالىدۇ. بىزگە ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە تۆمۈردىن تۇگمەن تېشىغا پاقا ياساپ، دېھقاننىڭ بۇغداي، قونىقىنى نالە ـ زارە قىلغىنىغا قارىماي ئۇن تارتىپ، ئەلنى نېمەت غېمىدىن خالاس قىلىمىز. موزدۇزنىڭ ناخىلىغا مىخ سوقۇپ، يالاڭ ئاياغلارنىڭ پۇتىغا ئاياغ كىيگۈزىمىز. تونۇردا كاۋاپ قىلىشقا زىخ ياساپ، ئاۋامنى كاۋاپنىڭ لەززىتىدىن بەھرە ئالدۇرىمىز. جاھان ئەھلىگە تۆمۈر بىلەن ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسىتىپ، ساتۇن (سېپى ئۇزۇن) شەمشەردەك ھەربىي قورال ـ ياراغلىرىنى

ياسايمىز. تۆمۈردىن مىلتىق، زەمبىرەك ئوقىنى ياسىساق ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بىلەن غاز ئېتىپ ئوۋ ئوۋلاپ غەنىيمەت ئالىدۇ. چويۇندىن داش قۇيۇپ، تۆمۈردىن قازان سوقساق پادىشاھتىن تارتىپ تاكى گادايغىچە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۆتۈكچىنىڭ بۇرەندىسىنى بىز ياساپ بەرگەچكە، ئۆتۈكچى بۇرەندە بىلەن ھۈنەر قىلىپ، چىرايلىق ئۆتۈك - ئاياغ تىكىپ، ئىنسانلارنىڭ جاپاسىنى ئاسان قىلىپ راھەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. يىراقنى يېقىن قىلىدۇ. ياغاچچىنىڭ رەندىسى، كەكسىنى بىز ياساپ بەرگەچكە، ياغاچچى ئاشۇ سايمانلارغا تايىنىپ، ياغاچنى سىلىقداپ، نەقىش بىلەن سارايلارغا گۈل قوندۇرىدۇ. تۆمۈر بىلەن ئاشۇنداق كۆپ ھۈنەرلەرنى قىلغىلى بولغاچقا، تۆمۈرچىلىك ئەزەلدىن ئىنسانلار ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامدەك ئۇلۇغ زات تۆمۈرچىلىكنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇ تۆمۈرچىلىكنى كەسىپ قىلىپ ھەممە ئىشلارنى پۈتكۈزگەنىدى. تۆمۈرچىلىك كەسپى ئاشۇ مۆتىۋەر زاتتىن بىزگە يادىكار قالغان. شۇڭا، بۇ كەسىپ ئەلگە لازىم بولىدۇ. كىشىلەر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەي ھۆپىگەرلەر، خالايىقلار، بىز ھەممىڭلارغا كېرەكلىك ئەسۋابلارنى ياساپ بېرىمىز. بۇنى ئىنساپ بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئىنكار قىلماڭلار. بىزنىڭ پىرىمىز ھەممە پىرلارنىڭ ئۇلۇغى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋلادى. پەزىلەت ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن

ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، قاتتىق تۆمۈر ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشسە مومدەك يۇمشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، تۆمۈرچىلىك سەنئىتىنى جاھانغا نامايان قىلدى. ئاشۇ ھۈنەر بىلەن جاھاندا بايلىق ياراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا جاھاندا يەنە نۇرغۇن پىر - ئۇستازلار تۆمۈرچىلىك بىلەن ھۈنەر قىلىپ، ئۆز كارامەتلىرىنى نامايىش قىلىپ، ئۆزلىرىنى، نام - نىشانلىرىنى جاھان سەھىپىسىگە يېزىپ كەتتى.

تۆمۈرچى ئۆزىگە نام - نىشان ئاتا قىلىشتا، ئۆزىنى ماختاشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ نام - شەرىپىنى تىلغا ئېلىپ سۆزلەپ ئۆتتى.

## زەرگەرنىڭ تۆمۈرچىنىڭ ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىشى

سورۇندىكى بارلىق جاھان ئەھلى، ھۈنەرۋەنلەر تۆمۈرچىنىڭ دېھقانىنىڭ بارلىق ئەيىب، نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەجىر - مېھنىتىنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى تىلغا ئالماي، ئۆزىنىڭ ئەجىر - مېھنىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ماختاپ سۆزلەشلىرىگە ھەيران بولۇپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى. ھەركىم ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى تۆمۈرچىنىڭ ھۈنىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئالتۇنچى ئۆز ھۈنىرىنىڭ تۆمۈرچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۈنىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۆمۈرچى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىشقا جېدەل قىلىشقا ئورنىدىن تۇردى. زەرگەر سۆزلەشكە تولىمۇ كۆچەپ كەتكەچكە گاھىدا ئالتۇندەك سارغىيىپ ھوشىنى يوقاتسا، گاھىدا ئۆزىگە كېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەي قارا تۆمۈرچى، نېمە دەيسەن ؟ سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، سورۇندىكى ھەممە ھۈنەر ئەھلىلىرىنىڭ كېيىلى قوزغىلىپ كەتتى. ھەممىسى بىتاپ بولۇشتى. ئەي قارا غەلۋىچى، سېنىڭ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ماجىرا، سەن بۇنى بىلمەمسەن ياكى بىلسەڭمۇ بىلمەسكە سالدىڭمۇ ؟ سەن بىر سېۋەت كۆمۈرنى ئوچاققا تۆكۈپ، تۇلۇم بىلەن ئۇنى پۈۋلەپ، تۆمۈرنى قىزىتىسەن. تۆمۈرنى چوغ قىلىپ قىزىتىپ، ئۇنى بازغان بىلەن ئۇرۇپ ئۇچقۇنلىرىنى ئالەمگە چاچرىتىسەن. سەن ئىنساپقا كېلىپ ئېيتقىنا قېنى ؟ ياخشى ئىشلىرىڭنى دېدىڭ، يامان ئىشلىرىڭ قېنى ؟ سەن ياخشى ئىشلىرىڭنى بىلىپ، يامان ئىشلىرىڭنى بىلمىسەڭ، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي. سەن ھەممە ئىشنى ھەيۋەت بىلەن قىلساڭمۇ، ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن پۈتىدۇ. سەن دۇكانىغا كىچىدە كىرىپ ئىشلىسەڭمۇ كۈرەك (يەل ساندۇقى) نى كۆچەپ باسقاچقا رەڭگىرىيىڭ ئاجايىپ باشقىچە بولۇپ، چىرايىڭ دېۋىگە ئوخشاپ قالىدۇ. دۇكانىغا كىرگەن كىشى سېنىڭ بۇ ھالىڭنى، تۇرقۇڭنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە پاتسا، چاچراپ چىققان ئوتلارنى كۆرۈپ ئوتتا

كۆيۈپ ھالاك بولۇشتىن قورقىدۇ. سەن تۆمۈردىن جاللاتقا شەمشەر ياساپ بەرگەچكە، جاللات ئىنسانلارنىڭ بېشىنى ۋاقىتسىز تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. سەن ئوغرىغا خەنجەر بىلەن پالتا ياساپ بېرىسەن. ئوغرى سەن ياساپ بەرگەن خەنجەر بىلەن تام تېشىپ، ئاۋامنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئوغرىلاپ، ئاق كۆڭۈل بەندىلەرنى زار- زار قاقشىتىدۇ. جاراھەتنى يېرىشقا نەشتەر ياسايسەن. ئەزىز جاننى ئېلىشقا خەنجەر ياسايسەن. سەن ياسىغان خەنجەر بىلەن نى ـ نى ئەزىز جانلار ۋاقىتسىز باقىيغا سەپەر قىلىپ، يېتىم باللار قان ـ ياش تۆكۈپ سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرمەمدۇ. لەشكەرلەرگە قورال ياساپ بېرىسەن. لەشكەرلەر سەن ياسىغان زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن بىگۇناھلارنى زەنجىر ـ كىشەن بىلەن باغلاپ، مىخ بىلەن مىخلاپ خار ـ زار قىلىدۇ. قاراقچى سەن ياساپ بەرگەن تەييار خەنجەرنى كۆتۈرۈپ، تىجارەتچى ـ سودىگەرلەرنىڭ يولىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇلاپ، جېنىغا زامىن بولىدۇ. ھايۋانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تۆمۈردىن تۇزاق ياسىساڭ، ئىنسانلار ئۈچۈن زىندان ياساپ بوينىغا زەنجىر سالدىڭ. تۆمۈرچىلىكتە قانچىلىك سەنئىتىڭ بار؟ بار بولغان سەنئەت ـ ھۈنرىڭنىڭ ھەممىسى جانغا زامىن بولىدۇ. سەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلارنى قىلمىدىڭ. ھەتتا ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنىمۇ بىلمىدىڭ. پىر ـ ئۇستازلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرىگە، پىرلارنىڭ رىسالىلىرىگە

ئەمەل قىلمىدىڭ. ئۇلار پاك بولۇپ ئاللانى ياد ئېتىپ، دۇكانغا ئايەت ئوقۇپ كىرىشنى، بازغان ئۇرغاندا دۇئا قىلىشنى، ھەممە ئىشنى ئاللا يولىدا قىلىشنى ئادەت قىلغانىدى. بىر نەرسە ياساش ئىشىنى ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ دەپ باشلىسا ئىشلىرى دەل ۋاقتىدا پۈتەتتى. سەن ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىگە سادىق بولمىغاچقا، سېنىڭ ئىشلىرىڭ بىزگە لايىق ئەمەس. چۈنكى سىلەر پىر - ئۇستازلارغا ئېتىقاد قىلمايسىلەر. ھەتتا ئايلاپ - يىللاپ ئەسلەپمۇ قويمايسىلەر. ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلار. شۇڭا، پىر - ئۇستازلار ھەققىدە نەزىرىمۇ قىلمايسىلەر. ئەرۋاھلار ئۈچۈن ياغ پۇراتمايسىلەر. قىلغان ياخشى ئىش - ئەمەللىرىڭنى، يامان ئىش - ئەمەللىرىڭنى ئۆزۈڭ ئىگىلىگەن بىلىم - ئەمەللەرگە سېلىشتۇرۇپ قاراپ باققىن. ھەرقاچان پىر - ئۇستازلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تەييار تۇرۇش، ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئوبدان ئويلاپ، تەھلىل قىلىپ سۆزۈڭنى توختات. سۆزۈڭنى توختىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ يامان ئىش - ئەمەللىرىڭنىڭ زەربىسىدە بىھوش بولۇپ يىقىل. ئەي ئاداش، بىز زەرگەرلەر تۇرۇپ ساڭا گەپ قىلىش نېمە كېلىپتۇ؟ سەن ئەزەلدىن زەر بىلەن تاشنىڭ تەڭ - باراۋەر ئەمەسلىكىنى بىلمەمسەن؟ بۇگۈن سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، يامان ئىش - ئەمەللىرىڭنى ئويلاپ كۆڭۈللەردە تۇگۈن پەيدا بولدى.

تۆمۈرچى زەرگەرنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، تۆمۈردەك

قېتىپ جىم بولۇپ قالدى. سورۇن ئەھلى تۆمۈرچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب، نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## زەرگەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بايانى

زەرگەر تۆمۈرچىنىڭ ئۆز سۆزىگە جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەق - توغرا سۆزلىگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى ماختاپ سۆزلەشكە كىرىشتى:

— ئەي ئەقىللىق ساھىب ھۈنەرۋەنلەر، مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بولىدۇ. ئىلكىمىزدىكى ھۈنەر ئىنتايىن نازۇك، لاتاپەتلىك بولغاچقا قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەممە ئىشتا پەم - پاراسەت، ئىدراك، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بىز ياسىغان تاج، زىرە - ھالقىلار بىلەن ھەممە ئادەم تاجدار بولىدۇ. شاھلار بىز ياسىغان ئالتۇن جاملاردا مەي ئىچىپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرىدۇ. بىز ياسىغان ئالتۇن تاجلار شاھلارنىڭ مۇبارەك باشلىرىدا جۇلالىنىپ شاھلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرسە، بېلىگە باغلىغان زەر كەمەرلەر شاھلارغا سالاپەت، سۆلەت بېغىشلايدۇ. بىز زەرنى سوقۇپ ياسىغان زەر تۈگمىلەر شاھلارنىڭ لىباسلىرىغا زىننەت بولىدۇ. كۈمۈشنى ئېرىتىپ دانە - دانە قىلىپ، يىپقا تىزىپ مونچاقلارنى ياسىدۇق. بىزنىڭ ھۈنىرىمىزنىڭ ئالدىدا باشقا

ھۇنەرلەرنىڭ نېمە ئېتىبارى بار؟ بىز ھەر دائىم خاس شاھ ئوردىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، پادىشاھلارنىڭ بەزمىسىدە شاھلار بىلەن بىللە بولىمىز. چۈنكى، بىز ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئۆزۈك ياساپ شاھلارغا ئۆزۈكتىنمۇ يېقىن بولۇپ كېتىمىز. بىز ئالتۇن بىلەن تەخت ياساپ، جاۋاھىر قويۇپ زىننەتلەيمىز. چۈنكى، ئۇ تەخت ئۈستىدە بىر شاھ، يۇرتىنىڭ ھۆكۈمدارى زىبۇزىننەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ھۆكۈم بىلەن جاھان سوراپ ئۆتىدۇ. نازىنىن گۈزەللەرنىڭ نازۇك ـ ئەۋرىشىم قوللىرىغا چىرايلىق، نەپىس ئۆزۈك، قۇلىقىغا سۆزۈك كۆز قويۇپ ھالقا ياسايمىز. يەنە ساز ياساپ دەستىسىنى خالخال ـ جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەيمىز. شۇڭا، قىزى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قايىل بولىدۇ. جاھان ئەھلى ھۈنرىمىزگە مايىل بولىدۇ. شاھلارنىڭ ئەقىللىق تونلىرىغا ئالتۇن قەپەس، قارچۇقلىرىنىڭ بويىنىغا ئالتۇن قوڭغۇراق ياسايمىز. بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن بولىدۇ. ئالتۇننى سەرلەپ، مىسقاللاپ پەرداز قىلىمىز. ھەر سائەت ـ ھەر ۋاقىت ئۇلۇغلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۇلۇغلارنى ياد ئېتىپ ھۈنەر قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ھۈنرىمىز ھەممە ھۈنەرلەردىن كاتتا. شۇڭا، ھۈنەرۋەنلەر بىزگە گەپ قىلمايدۇ. ھۈنرىمىزگە بۇ سورۇنغا يىغىلغان ھەممە يار ـ دوستلار، ئۇلۇغلار قايىل بولىدۇ. مەن تېخى پەزىلىتىمىزنى تولۇق بايان قىلمىدىم. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي.

## ياغاچچىنىڭ بايانى

زەرگەرنىڭ تۆمۈرچىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ماختاپ، داڭلاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ئالتۇندەك پاك كۆرسىتىپ، مەنمەنلىك قىلىپ، كۆزىنى زەردەك پارقىرىتىپ تۇرۇشىغا ياغاچچىنىڭ تاقىتى تۈگەپ، سەۋر قاچىسى تېشىپ، تىل كەكىسى بىلەن زەرگەرنىڭ خۇرمۇلۇق بېغىنى چېپىپ تاشلاپ، ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۆز ھۈنىرىنى ماختاشقا كىرىپ سارىيىنى تىل نەقىشلىرى بىلەن زىننەتلەپ، ئاسمان - پەلەكتىن ئاشۇرۇپ، ئاچچىقتا زەردەك سارغىيىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ھەردەك گوڭۇلداپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي كۆڭۈل - كۆكسى ھىيلە - مىكىر بىلەن توشۇپ كەتكەن زەرگەر، سەن ھۈنەر ئىشلەشتە زەرنى مىس، مىسنى زەر قىلىپ كۆرسىتىسەن. شۇنداق تۇرۇپ ئۆز ھۈنىرىڭنى نېمانچە داڭلايسەن ؟ ئاغزىڭ بېسىقماي سۆزلەيسەن؟ سەن ھۈنەرنى دائىم خىيانەت بىلەن قىلىسەن. سەن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئەرزان ئېلىپ، جازانە بىلەن ساتىسەن. سەن شاھلارغا تاج قىلساڭ، شاھلار پۇقرالاردىن باج ئورنىدا ئالتۇن - كۈمۈش ئالىدۇ. سەن جاھاندا كۈمۈشكە مىسنى قوشۇپ ساز ياساپ ھۈنەر چىقاردىڭ.

سەن جاۋاھىرغا شىشە پارچىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھۈنەر قىلىپ دائىم ئەندىشىدە يۈرۈيسەن. پادىشاھنىڭ پۇلىنى ئېلىشنى ئويلاپ، دەرەمنى چويۈندا قۇيۇپ ساپال قىلىسەن. سەن خىيانەت بىلەن ئىشلىرىڭنى پۈتكۈزگەننى ئاز دېگەندەك، ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئايالىلار بىلەن بولىدۇ. شۇنداق كۆپ ئەيىبلىرىڭ بولىسمۇ ساڭا يەنە خوتۇنلار، ئايالىلار خېرىدار بولىدۇ. سەن ھۈنەرنى كۆپ قىلماقچى بولساڭمۇ ئۇنىڭ ئەسلىنى ئۆزگەرتمە.

ئەي ھۈنەرۋەن، بۇ سۆزۈمنى ئاڭلا : ئاشۇ زاماندا نوھ ئەلەيھىسسالام ياغاچ بىلەن ئاجايىپ ھۈنەر قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنىڭغا ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن ئىمارەت ـ قەسىرلەرنى، ماكانسىزلارغا پاناھ جايلارنى ياساپتۇ. يەنە بەيتۇل مۇقەددەسنى تاشلارنى جايىدا تۇرغۇزۇشقا ياغاچ ئىشلىتىپ بىنا قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ياغاچچىلىق ھۈنىرى لازىم بولۇپ، ياغاچ ئىشلىتىپ ھۈنەر قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچىلار مەسچىت، مەدرىسەلەرنى ياسىدى. ئەھلى ئىلىملەر مەسچىتلەردە ئىبادەت قىلىپ، مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىم نۇرى بىلەن نادان دىللارنى نۇرلاندۇردى. ئەگەر ياغاچچىلار كېمە ياسىمىسا دەريادىن ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى دەريا دولقۇنلىرىدا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. بىز شاھلارغا ياغاچتىن تەخت ياسىدۇق. شاھلار ئۇنىڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بەخت پەيزىنى سۈرىدۇ. ئۆلسەك قەبرىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياغاچتىن تاۋۇت ياسىدۇق.

ياغاچچىلىق ھۈنىرى ھەققىدە بىزدە ئىلىم ـ بىلىم بار. بۇ ھەقتىكى سەنئەتنى بايان قىلسام سانى تۈگىمەيدۇ. ھەي سەنئەت ئەھلى، ياغاچچىلىق ھۈنىرىنىڭ ھۈنەرلەر ئىچىدە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىغا قايىل بولۇڭلار.

ياغاچچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سورۇندىكى ھەممە ھۈنەرۋەنلەر گەپ قىلماي سۈكۈت بىلەن يەرگە قاراشتى. زەرگەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى ئاشكارىلىنىپ كەتكەچكە باشقا ھۈنەرۋەنلەرگە ئوخشاش بېشىنى سېلىپ جىممىدە ئولتۇردى. سورۇن ئەھلى دۇنيادا ھەممىدىن ساپ دەپ كېلىۋاتقان ئالتۇنىنىڭمۇ ئالتۇنچىنىڭ قولىدا بولغىنىپ سايلىقىنى يوقاتقانلىقىنى، ئالتۇنچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## باپكارنىڭ بايانى

ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدىكى باپكار ياغاچچىنىڭ ئالتۇنچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى تىلغا ئالماي، ئۆزىنى تامامەن ماختىغانلىقىدىن ۋۇجۇدىنى بىئاراملىق قاپلاپ، تاقەت قىلالماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ياغاچچىنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، ئۆز كەسپىنىڭ

ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. لېكىن، باپكار گەپ ـ سۆزدە ياغاچچىغا ھۆرمەت قىلىپ ئەدەپ بىلەن سۆز باشلىدى:

ــ ئەي تەكەببۇر ياغاچچى، تەكەببۇرلۇق قىلىپ، تەكەببۇر ئىشەكنى خۇشال قىلدىڭ. ياغاچتىن بىرنەچچە ئىمارەت ـ قەسىر ياسىدىڭ. بۇ زېمىندا ياخشىلىق ۋە يامانلىق بار. ئەي ياغاچچى، مەسچىتلەرنىڭ ئىشىنى ئاز قىلدىڭ ياكى رەت قىلدىڭ. دەريادىن ئۆتۈشكە كېمە ياسىغان بولساڭمۇ، لېكىن كېمە دەريا دولقۇنلىرىدا غەرق بولۇپ، ئاقىۋەتتە كېمىگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى دەريادا كېمە بىلەن غەرق بولدى. سەن مەيخانىلارنىمۇ ياسىدىڭ. مەسچىت ئىچىگە سالغان ئىمارەتلىرىڭگە يامان ئادەملەر توپلىشىپ قىمار ئويناشتى، بىرى ئىمارەت سېلىشنى بۇيرۇسا ياغاچلىرىغا خىيانەت قىلدىڭ. كېچىدە ياغاچلارنى ئوغرىلاپ، سوقۇپ كېرەككە كېلىدىغان ياغاچلارنى شۇنداق ئاز قويدۇڭ. تاۋۇت ياساپ ئەلگە ھەيۋەت كۆرسەتتىڭ. يەنە گۇندىخانا ياساپ جاھان ئەھلىگە مېھنەت كۆرسەتتىڭ. ئۆز ئىشىڭغا ئىمتىياز ئىزدەپ يۈرۈپ، نېمىگە ئاۋازىڭ بۇنچە يوقىرى چىقىدۇ؟ ئالدىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە چىرايلىق، شېرىن ـ شېكەر گەپ قىلدىڭ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن نەپ ئېلىپ ئۆزۈڭگە پەنجىر ياسىدىڭ. سېنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىڭدىن گۇناھىڭ تولا. ئازادە ئادەملەرگە ئازابىڭ تولا. يالغۇز ياغاچ بىلەن ئىشىڭ پۈتتىمۇ؟ جاھاندا ھۈنەر قىلىشىڭ پۈتتىمۇ؟ تولا لاپ ئۇرۇپ سۆزنى ئۇزۇن قىلما.

چوڭ گەپ قىلىشنى ئەمدى توختات. سەن تەكەببۇرلۇق بىلەن شۇنچە زامان دەۋران سۈرۈپ، مەن پېقىر ناتىۋاننى كۆرمەي قالدىڭ. سەن مېۋىلىك باغنى كېسىپ يوق قىلىپ، ئەزىز جاننى ئېلىش ئۈچۈن ئوق قىلدىڭ. ياغاچ بىلەن جۇۋاز ياساپ، جۇۋازغا تىلسىز ئۆكۈز بىلەن قوتازنى زەنجىر بىلەن قوشۇپ، ئۇلارنى دەرد ـ ئەلەمگە قويدۇڭ. سەن بۇ جاھاندا ھارۋا پەيدا قىلىپ، سېمىز ئاتلارغا زۇلۇم تاپتىڭ. سەن كېمە ياساپ، جاھان كېزىدىغان كارۋانلارنى ئەجەل دېڭىزىغا باشلاپ كىردىڭ. سەن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتۇپ، نەدىكى يامان كەسىپ، يامان قىلىقلارنى قىلدىڭ. سەن ئۇنىڭ ئىزباسارىغا ساتقۇنلۇق قىلدىڭ. ئەي كاززاپ، دېگەن سۆزلىرىڭ توغرا ئەمەس. سەن جاھاننىڭ زىننىتى، نەقىشى ئۈچۈن ھۈنەر قىلغان بولساڭمۇ، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى مەزمۇن ـ مەقسەتتىن ئاشكارا بولىدۇ. ئاڭلىغىن، ئەي بىپەرۋا، چالا ياغاچچى، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن چىقىپ زېمىنغا چۈشكەندە بۇ دۇنيالىقتا كىيىم ـ كېچەك كېرەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۆز توقۇش بارلىققا كەلدى. توقۇلغان بۆز بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا لىباس تەييارلاندى. سەن ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئۇستىبېشىڭغا قاراپ قىياس قىلىپ باققىن، تىرىكلەرنىڭ ھەممىسىگە لىباس كېرەك بولىدۇ. ھەتتا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلارغىمۇ كېپەن كېرەك بولىدۇ. لىباس، كېپەنلەرنىڭ ھەممىسى بۆزدىن پۈتىدۇ. بۇ يالغان گەپ ئەمەس، ھەقىقەت. سەن بۇنىڭغا كۆز يۇمالمايسەن. سەن بۇنى ئۆز

كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈۋاتىسەن. ئادەملەر كىيىم كىيمىسە نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟ ئادەم كىيىم كىيمىسە كۈمۈشتەك بەدەنلىرى كۆيۈپ تاشقا ئوخشاپ قالىدۇ. ساڭا دەي، كىيىم بىلەن ئادەمنىڭ ئۇياتلىق جايلىرى يېپىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم گۇناھلاردىن خالىي بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە پىر - ئۇستاز ۋە شاھلارمۇ كىيىم كىيىدۇ.

باپكارمۇ ياغاچچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى بۆز يىپلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى.

## ئەتىرچىنىڭ بايانى

باپكار ئۆز ھۈنىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىش ئۈچۈن سۆز يىپلىرىنى ئېشىپ، ئۇستىلىق دۇكىنىدا تىل موكىسى بىلەن مەنمەنلىك بۆزىنى توقۇۋاتقاندا باپكارنىڭ بۆزلىرىنىڭ بازىرىنى چىقارغان ئەتىرچى باپكارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا رەللى بولۇپ، ئەتىرنىڭ مەززىلىك، خۇش پۇرىقى بىلەن ئاشۇ سورۇندا شانۇشەۋكەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەتىرىنى ماختاپ، ئەتىرنى چېچىپ، ئەتىرنىڭ پۇرىقىنى ئالەمگە تارىتىپ شەۋكەت رەستىسىدە رەڭگارەڭ تاۋار ۋە خىلمۇخىل كىمخاب ھەم قىزىلگۈللەرنى يېيىپ، باپكارنىڭ بازىرىنى كاسات ۋە ئېتىبارسىز قىلىش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

— ئەي جاھاندىكى ئەقىلسىز باپكار، ئەگەر بىرى خىيمىنى (چاق ئارقىلىق پاختىدىن ئېگىرىلگەن يىپ) بوز توقۇپ بەر دېسە، ئوغرىلىق قىلىپ پاك ئەقىدەڭنى بۇلغايسەن. سەن بىرى سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تاكى كەچكىچە چاقنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئائىلىڭدە نەچچە قېتىم جېدەل - ماجىرا سەۋەب بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ جەبىر - جاپا بىلەن يىپ ئېگىرىپ، ئايلار ئۆتۈپ، مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن ئۆزىگە كېرەكلىك بوزگە لايىق يىپلارنى تولدۇرۇپ، ئالدىڭغا كۆتۈرۈپ كەلسە، سەن ئۆزۈڭنىڭ خۇپىيانە ھۈنەرلىرىڭنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئىشلىتىپ، يىپلارنى ئۆزۈڭ خالىغانچە ئېلىپ، بۇ يىپلار بىلەن بوز پۈتمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭ يىپلىرىنى ئوغرىلاپ ئۆز جېنىڭ ئۈچۈن ئىشلەتتىڭ. ئەي باپكار، سېنىڭ بۇ ھۈنىرىڭ ئىچىدە قىلچە راستلىق بولمىسا ئۆزۈڭنى نېمانچە پەردازلاپ كۆرسىتىپ ماختايسەن. ئەي باپكار، سۆزۈمنى ئاڭلا، مەن كەسىپىمنى بايان قىلاي. مېنىڭ مېھنىتىمنى بىلسەڭ نادامەتتە ياقا چىشلەپ قالىسەن. مېنىڭ جاھان ئەھلى ئارىسىدىكى ياخشى ئادەملىكىمدە قىلچە گۇمان يوق. ماڭا بارلىق ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ سەردارلىقى — ئەتىرچىلىك نېسىپ بولدى. مېنىڭ پاراۋانلىقىم جاھانغا يېتىپ ئالەم ئەھلى ئاسايىشلىقىغا ئېرىشىدۇ. جاھان ئىچىدىكى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى تاۋار - دۇردۇنلارنى ئىزدىسەڭ مېنىڭ دۇكىنىمدىن تېپىلىدۇ. تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ سانى يوق. جاھان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېلى بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشىدۇ. تېخى جاھاندا ئاز تېپىلىدىغان قومۇش، كاناپ رەختلەر، يەنە گۈللۈك رەختلەر ھەددى - ھېسابسىز. شاھلارنىڭ كاتتا كىمخاب تونلىرىنىڭ سانى يوق. مېنىڭسىز جاھان ئەھلىنىڭ جېنى يوق. بىرى دۇكىنىمغا كىرىپ ماللىرىمنى زىيارەت قىلالىسا، ئۆزىگە تەمەننا قويسا بولىدۇ. ئەگەر دۇكىنىمغا كېلەلمىسە جاھان ئەھلىنىڭ بېشىغا سەۋدا چۈشىدۇ. شۇنداق چاغدا بارچە خالايىقنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشىدۇ. ئەتىرىمنىڭ پۇرىقى دىمىغىغا يەتسە راھەت تاپىدۇ.

ئەتىرچى باپكارنىڭ شۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئەتىر پۇراقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى باپكارنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## ناۋاينىڭ بايانى

ئەتىر سودىگىرىنىڭ باپكارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى بايان قىلىپ، سورۇن ئەھلى ئىچىدە باپكارنىڭ بېشىنى پەس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئەتىر پۇرىقى بىلەن يوشۇرۇپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى ماختاپ، سودىگەرلەر ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكى مەن

دەپ دەۋا قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رەڭگارەڭ تاۋارلىرىنى ماختاپ بايان سۈنبۈللىرىنى سۆز خۇش پۇراقلىرى بىلەن خېرىدارلارنىڭ دىمىغىغا پۈركۈپ، ساختىپەزلىك بىلەن خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلالمىغان ناۋاينىڭ كۆڭۈل تونۇرىغا ئوت تۇتىشىپ، تىل زىخلىرىنى ھەربىكەتكە كەلتۈرۈپ، مالامەت كۆسىيى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىغا ئوت چېچىپ، ئەتىرچىنىڭ سۈنبۈل ۋە ئىپارلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىش ئۈچۈن ئەتىرچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى بايان قىلىشقا تەنە زەھىرى بىلەن سۇغىرىپ سۆز باشلىدى:

— ئەي ئەتىرچى، بۇ ھۈنەرنى قىلغىنىڭغا ھالىڭغا ۋاي. سەن مال ئېلىشتا مەككارلىق قىلىپ، ھىيلىگەرلىك قىلىسەن. كىشىلەرنىڭ ياخشى ماللىرىغا يۈز مىڭ باھا قويۇپ، پۇلىنى نەق بېرىمەن دەپ ئېلىپ، ماللارنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ بېرىۋېلىپلا مالنىڭ پۇلىنى بەرمەي، مال ئىگىلىرىنى زار - زار قاقشىتىسەن. سەن بىراۋ بىلەن سودا - سېتىق قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئەزبىرايى خۇدا، بۇ مالنىڭ باھاسى ئەسلىي شۇنداق. ئىز پۇلىغا بېرەي دەپ نەچچە رەت قەسەم ئىچىسەن. سېنىڭدىكى ئادىمىيلىك، ئىنساپ قېنى ؟ سەندىكى ئۇلۇغلۇق، شانۇشەۋكەت قېنى ؟ شەرىئەتتە سېنىڭ قىلغان بۇ سوداڭ توغرا بولامدۇ. سەن قىيامەت كۈنىنى ئۇيلىمامسەن ؟ سەن قىيامەت كۈنىنى ئۇيلا.

قىيامەت كۈننى ئويلاپ نىيىتىڭنى توغرىلا. ھەق ئىش قىل. مەن سۆزلىرىمنى بايان قىلىمەن. سۆزلىرىمنى قۇلاق سېلىپ ئوبدان ئاڭلا. مەن سېنىڭ جىسمىڭدىكى قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى. ھاياتلىقىڭنىڭ مەنبەسى. مەن بىلەن روھ ۋە نەپسىڭ ئارام تاپىدۇ، راھەت كۆرىدۇ. ھاياتتىن بەھرىمەن بولىسەن. تىرىكلىكنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بولىدۇ. مېنىڭ نانلىرىم بولمىسا ھەممىگە ئۆلۈم يېتىدۇ. ھەممە ياشاش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. جاھان بىناسىنىڭ تىك تۇرۇشى نان بىلەن بولىدۇ. ھاياتلارنىڭ جان ساقلىشىمۇ نان بىلەن بولىدۇ. مەن سەھەر تۇرۇپ، پاك بولۇپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، دىلىمدىكى غەپلەت ـ غۇبارلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ئىش باشلايمەن. ھەممىمىز ئىشق ئەھلىنىڭ دىلىدىكى نۇرنى بىلىمىز. مەن دىلىمدىكى ئاشۇ ئۆچمەس، پارلاق نۇر بىلەن پاك ئىشق ئوتى بىلەن تونۇرنى قىزىتىپ، ناننى دىلىم ئېچىگە ياققاندەك ياقىمەن. مېنىڭ ياققان بۇ نانلىرىمنى نان دېمە، بەلكى مېنىڭ ياققانلىرىمنى جان، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ بىل. مەن بارلىق نان گۆھەرلىرىنى ئېلىمگە ئېلىپ، ئۇ جان جەۋھەرلىرىنى ئالۇرمەنلەرگە باھا قويماي ئېلىشىغا ساتىمەن. ھەرقاچان ئالدىمغا بىر بۇردا نان ئۈچۈن خار ـ زار بولۇۋاتقان، جان تالىشىۋاتقان پېقىر ـ مىسكىنلەر نان تىلەيدۇ. ئۇلار مېنىڭ نانلىرىمنى يەپ، نانلىرىمنى ئەمەس، جان جەۋھەرلىرىمنى يەپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. مەن ئۇلۇغلۇقتىن بۇ ئىشلارنىڭ

ھەممىسىنى خالايىقتىن سىر تۇتۇپ كەلدىم.

ناۋاي ئەتىرچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تونۇر كۈللىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى.

## قازانچىنىڭ بايانى

ناۋاينىڭ مەنمەنلىكتە ئۇچىغا چىقىپ، مىنىنەت گەدىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتىرچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈپ، جاھانغا شايى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى تونۇر كۈلىگە كۆمۈپ، تېۋىگىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى بازارغا سېلىپ ماختاشلىرىغا تاقەت قىلالمىغان قازانچى تاپا ـ تەنە چۆمۈچىگە تىل كۆپۈكىدىن يەل بېرىپ، ئۆز ھۈنىرىنىڭ يالقۇنىنى پەللىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئوچىقىغا ھەسەت چاتقاللىرى بىلەن ئوت قويۇپ يىغان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي نانپۇرۇش، گەدەنكەش، ئۆزۈڭگە قارا، تونۇردىكى ئوت بىلەن قاش ـ كىرپىكلىرىڭ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭ كۆيۈپ قاپاقتا تۆشۈك تەشكەندەك بولۇپ قالغانلىقىڭنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ تۇرقىڭ بىلەن بۇنچىلىك كۆپۈپ، ماختىنىپ سۆزلەپ كەتمە. ئەگەر سەندە قانائەت، ئىنساپ، ھايا بولسا، ئېيتقىنا بۇنچە ئەپسانە سۆزلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ ئادەم ئۆزىنى ئويلىسا، ئۆز

مەقسىتىنىلا كۆزلىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى يوقاپ شەنىگە داغ چۈشىدۇ. بېشىڭنى ئايالالرغا ئوخشاش ياغلىق بىلەن چىگىپ ئالساڭمۇ تونۇر ئىچىدە قاش ـ كۆزلىرىڭ داغلىنىدۇ. دوزاختەك تونۇر ئىچىگە بېشىڭنى تىقساڭ يۇزۇڭنى كۆيدۈرۈپ جېنىڭنى چىقىرىدۇ. كېچىنى ئۇن تاسقاپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ئۇيقۇسىزلىقتا پاكلىنىشنى ئۇنتۇپ، سەھەر تۇرۇپ نان تەييارلايسەن. تېخى بېشىڭ ئۇستىگە تەڭنەڭنى ئېلىپ، نېنىڭنى سېتىشقا ھەر خىل ھۈنەر ئىشلىتىپ، كوچىمۇكوچا پىغان بىلەن توۋلاپ يۈرۈيسەن. سەندە ھايا يوقمۇ ياكى ئادىمىيلىك يوقمۇ، ياكى سەندە باشقىلارنى كۆرىدىغان كۆز ۋە ياكى ئەقىل يوقمۇ؟ ئۇلار يوق بولسا ئىنساپ بىلەن ئەتراپىقا قاراپ باق، يېنىڭدا كىملەر باركىن ؟ مەن ساڭا ھۈنىرىمنى بايان قىلاي. مېنىڭ سۆزلەشتىكى ئاساسىم ياخشى داش بىلەن قازان. ئۇلار بىلەن جاھاندىكى بارلىق ئەھلى ئىنسان ياخشى تائام، مەززىلىك تاماقلارنى قىلىپ ھاياتتىن بەھرە ئالىدۇ. سېنىڭ تونۇرۇڭدا كۆيۈپ پىشقان ناننى يېيىش سەھرالىق دېھقانىنىڭ ئىشى. بەلكىم قازانچىنىڭ چىشىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆيدە پارچە، بۇردا نان بولمىسىمۇ، قازان بولسىلا ھەر خىل ياخشى تائام ـ نېمەتلەرنى تەييار قىلغىلى بولىدۇ.

قازانچى ناۋاينىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى قازانىنىڭ قارىسىنى سۈرۈپ يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى.

## مىسكەرنىڭ بايانى

قازانچى سورۇن ئەھلى ئالدىدا سۆزمەنلىك، مەنمەنلىك قىلىپ، ئۆز كەسپىنى ماختاپ، شۆھرەت دېشىدا ئۇماچ چالغاچقا، ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى شۆھرەت چاپاقلىرى توسۇپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى كۆرسەتمەي قالدى. مىسكەرچى قازانچىنىڭ بۇ قىلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي سەۋر قاچىسىنى چېقىپ تاشلاپ، مەسخىرە - كىنايە لىگىنى، كۆسىيى بىلەن قازانچىنىڭ بېشىغا ئوت قويۇپ، ئۆز قازىنىنىڭ قارىسى بىلەن يۈزىنى بوياپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ، رەسۋاسىنى سورۇن ئەھلىگە بايان قىلدى:

— ئەي ھۈنەردە كامالەت تاپمىغان يۈزى قارا، سېنىڭ يۈزۈڭمۇ قارا، دىلىڭمۇ قارا. ئىچىڭمۇ قارا، تېشىڭمۇ قارا. قارا يۈزۈڭ بىلەن نېمەڭگە تەكەببۇرلۇق قىلىسەن؟ نېمەڭگە ماختىنىپ چوڭ سۆزلەيسەن؟ سېنىڭ بۇ شۇملۇقلىرىڭنى ئىچىپ جاھان ئەھلىگە يەتكۈزمىسەم بولمايدۇ. ئادەم يېنىڭدىن ئۆتسە، سېنىڭ قاراڭنىڭ يۇقۇشىدىن قورقۇپ يىراق قاچىدۇ. يېقىن كەلمەكچى بولساڭ قاراڭنى يۇقتۇرۇپ قويىدۇ يىراق تۇر، دەپ تىل سالىدۇ. سېنىڭ زاتىڭنىڭ ھەممىسى كۆمۈرگە ئوخشاش ناچار. ئارىلاشما، ساپ ئەمەس. يۈزۈڭ قارا، دىلىڭ قارا، كىيگەن كىيىمىڭمۇ قارا. ئەي قازانچى، گېپىمگە قۇلاق سېلىپ،

سۆزۈمنى ئوبدان ئاڭلا. بىز مىسكەرلەر ھەممە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كاتتىسى، سەردارى. دانالىقىمىزدىن ھەمىشە ئەندىشە قىلىمىز. كەسپىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ھۈنرىمىزنى كۆرسىتىپ شامدان ياسىساق، نۇرغا ئاشىق پەرۋانىلەر ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرۇپ جان تەسلىم قىلىدۇ. بىز ياسىغان شامدانلارغا تىزىلغان شاملار شاھلارغا كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ، رەقىقاسلارنىڭ ئۇسسۇل ـ بەزمىلىرىدىن بەھرە ئالدۇرىدۇ. جاھان ئەھلىگە يورۇقلۇق بەخش ئېتىدۇ. بىز خاس پادىشاھ ئەۋلادلىرىغا مىس تاۋاق، مىس قاچا ـ قۇچا ياساپ خىزمەت قىلىمىز. ياسىغان مىس تاۋاق، قاچا ـ قۇچىلارنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ پارقىراقلىقى، نەپىسلىكىگە قاراپ مىس ئەمەس، بەلكى ئالتۇن تاۋاق، ئالتۇن قاچا ـ قۇچا دېيىشىدۇ. ئەگەر ھۈنەر كۆرسىتىپ چاي چەينىكى ياسىسام، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانلىقتىن ھوشىنى يوقىتىدۇ. تېخى مەن ياسىغان ساماۋى لېگەننى كۆرسە، جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭلى ھەيرانلىقتىن شىكەستە بولىدۇ.

مىسكەرچى قازانچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى مىسنىڭ يۈزىدىكى داتلارنى سۈرۈپ چىقارغاندەك چىقىرىپ تاشلاپ سۆزىنى تۈگەتتى.

## جۇۋۇچىنىڭ بايانى

مىسكەرچىنىڭ ئۆز كەسپىنىڭ شامدانىغا مەغرۇرلۇق،

ماختانچاقلىق شاملىرىنى يېقىپ، ئالەمنى مەن يورۇتىمەن دەپ چوڭ سۆزلەپ، شەۋكەت، ئىززەت ـ ئابرۇي تالىشىشى مەجلىس ئەھلىنى ئېغىزىغا قارىتىپ، قازانچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى مىسنىڭ دېتىنى سۈرۈپ چىقارغاندەك ئۇنتۇپ، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىشى ئاشۇ مەجلىستىكى جۇۋۇچى ۋە تىككۈچىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. جۇۋۇچى بىلەن تىككۈچى تىلى بىلەن شىكايەت قايچىلىرىنى بىلەپ، شىكايەت قايچىسى بىلەن مىسكەرنىڭ يېنىپ تۇرغان شامىنىڭ پىلىكىنى كېسىپ، غەزەپ بىلەن پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ، مىسكەرچىنىڭ سۆزلىرىگە جۇۋۇچى ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن رەددىيە بەردى:

— ئەي يۈزىنى دات باسقان قارا يۈز، ئۆي چاكىرى، ئۆي ئوغرىسى، سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە داڭلىغان بىلەن تەكچىدىن پەسكە چۈشەلمەيسەن، ئۆيدىن سىرتقا چىقالمايسەن. ساڭا كەسىپلەر ئىچىدە مىسكەرلىك تەستە تەگدى. مىسكەرلىك ئەمەس، ئوغرىلىق تەگدى. سەن بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ سورۇندا ئەھلى ئاۋام ئالدىدا قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئورنىڭدىن تۇردۇڭ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ سورۇندا چوڭ سۆزلەشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟ ئەگەر، بىرەرسى ساڭا ئەسۋاب ياسىتىش ئۈچۈن مىس بەرسە، سەن مىسنى ئايرىپ ئېلىپ قىلىپ نىپىز ئەسۋاب ياسىدىڭ. مىسنىڭ ئېغىرلىقىنى

توشقۇزۇش ئۇچۇن مىسنىڭ ئارىسىغا قوغۇشۇن قۇيدۇڭ. سېنىڭ بۇ مەككارلىقىڭ، ئالا نىيەتلىكىڭ بەختىڭنى قارا قىلدى. تىككۈچىلەر ئارىسىدا بىز تېرىدىن كىيىم تىكىپ ھۈنەر قىلىمىز. كىشىلەرنىڭ بېشىغا تېرىدىن بۆك تىكىپ بەھرە ئاتا قىلىمىز. ئەي مىسكەر، سەن بىلەمسەن. بىلسەڭ ئەۋرەتنى يېپىش ئادەم بالىسىغا پەرز. ھەرقانداق ئادەم شەرىئەتتە بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. بۇ جاھاندىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياشلار، ھەرقانداق ئادەم كىيىم كېيىشكە موھتاج بولىدۇ. ئادەم باشقا تېرىلەردىن كىيىم كىيسە بەدىنى سىرتىنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىپ ساق ـ سالامەت ياشايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم بىزگە موھتاج بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ ھۈنىرىمىز ھەممىدىن كاتتا، ئۆزىمىز ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەردارى بولۇشقا لايىق.

جۇۋىچى مىسكەرنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تېرىنىڭ يۈڭلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى مىسكەرنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## تامچىنىڭ بايانى

جۇۋىچىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ماختاش ئۇچۇن مەنمەنلىك

تەلپىكنى باشباشتاقلىق بېشىغا قىرلاپ كىيىپ، ئۆز كەسپىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە ھېكمەتلەرنى پەردازلاپ، مىسكەرنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، مىسكەرنىڭ بېشىنى پەس قىلىپ، ئۆزى تىككەن جۇۋىلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، غادىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن تامچىنىڭ ئوغىسى قايىندى. جۇۋىچىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە تامچىنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ، قولىغا تەنە كەكسىنى ئېلىپ، جۇۋىچىنىڭ خورازنىڭ بېشىدەك گىدىيىپ تۇرغان بېشىنى يېرىپ، مالامەت، تەنە ھاندۇۋىسى بىلەن جۇۋىچىنىڭ ئاغزىغا لاي ئۇرۇپ، سۇۋاپ غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي سېسىق جۇۋىچى، تېرەپۇرۇش، سەن نېمەڭگە بىزدىن ئىلگىرىلىك قىلىسەن؟ ئويلىنىپ كۆر. ئۆزۈڭنىڭ ئوغرىلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سېنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىڭنى ئېيتساملا كۇپايە قىلىدۇ. باشقا نۇقسانلىرىڭنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بىلەمسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى بىنا قىلىپ، بىزگە تامچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ كەتتى. مەن تامچىلىقنى كەسپ قىلغاندىن كېيىن جاھاندىكى مىمارچىلىق مېنىڭ ئىلكىمدە راۋاج تېپىپ جانلاندى. تېخى مەسچىت، مەدرىس ياسىدىم. يولدىن ئازغان يامان ئادەملەر مەسچىت، مەدرىسەلەرگە كىرىپ توغرا يول تېپىپ مۇشەققەت، جەبىر- جاپادىن قۇتۇلدى. يېتىم - يېسىر، غېرىب - مۇساپىرلارغا تۇرار جاي ياسىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مېنىڭ قىلغان نۇرغۇن كاتتا ئىشلىرىم كۆڭلۈمدە بار، ئۇلارنى سۆزلىسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، مەن بولمىسام جاھان ئەھلى ئۆي ـ ماكانسىز قېلىپ، دەشت ـ چۆللەردە سەرسان بولۇپ ياشايدۇ. سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، ئەقلى بارلار مېنىڭ ھۈنىرىمنىڭ قانچىلىك ئېكەنلىكىنى بىلىدۇ.

تامچى جۇۋۇچىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى مەككارلىق لايىدا تامغا سۇۋاپ يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى جۇۋۇچىنىڭ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## موزدۇزنىڭ بايانى

تامچىنىڭ ئۆز شەۋكەت پەشتىقىنى ئاسمان گۈمبىزىدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن جۇۋۇچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ساختىلىق لايلىرى بىلەن سۇۋاپ يوشۇرغانلىقىنى بىلگەن موزدۇزنىڭ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، تەمە كۈۋۈسى بىلەن تاپا ـ تەنە مۇزگەردەننى قولىغا ئېلىپ، تامچىنىڭ ھۈنەر پەشتىقىنىڭ مۇنارىنى پارە ـ پارە قىلىپ، تامچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئېچىپ

تاشلاشقا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى داڭلاپ، ماختاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

ــ ئەي تامچى ئوغرى، سەن ھەددىڭدىن تولا ئاشما. مەن ساڭا ئاتاڭدەك نەسىھەت قىلاي، نەسىھەتىمنى قۇلىقىڭدا تۇت. ئۆزۈڭ گويا لايغا پاتقان ئېشەككە ئوخشايسەن. سېنىڭ ھۈنىرىڭ كونا تامنى ئۆرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، ئەگەر كونا تام ئۆرۈلسە ئاستىدا قالما. تام بېسىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن. مانا ئاڭلا، مەن موزدۇز ئۇستا. مەن تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن ئات، كالا چەملىرىنى چارە ـ ئاماللىرىم بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ ئۆتۈك، ئاياغ تىكىمەن. مېنىڭ كەسپىم ئايىغى يالاڭلارغا داۋا بولىدۇ. رەنجى شىپا تېپىپ، مۇشكۈلى ئاسان بولىدۇ. مەن بولمىسام پۇتۇڭ جاراھەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. مەن بولغاچقا پۇتۇڭ خەسسە، چۆماق كىرىشتىن ساقلىنىپ راھەت تاپىدۇ. بۇ ھۈنەرنىڭ ئەمەل ـ تەلىمى پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك. ئۇ بېھىشتىن ئالتۇن كوبا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئالتۇن كوبا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋەررۈك مىراس بولۇپ قالدى. ئاخىر كېلىپ ماڭا يەتتى. مېنىڭ بۇ ھۈنىرىم ھەممە ھۈنەرلەردىن ئۇلۇغ، كاتتا. سەن ئوبدان بىلگىنكى، ھۈنىرىمىز ھەممە ھۈنەرلەرنىڭ ئالدى. سەن بۇنى ئوبدان بىلگىن!

موزدۇز تامچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزى

تىككەن ئاياغلارنىڭ چەمىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى تامچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قىلىشتى.

## زىلچىچىنىڭ بايانى

موزدۇزنىڭ ئۆز ھۈنىرىنىڭ، كەسپىنىڭ تارىنى ماختاش يىپلىرى بىلەن زىننەتلەپ، بېزەپ، مەنمەنلىك بازىرىدا جىلۋە قىلىپ، باشقىلار بىلەن مەرتىۋە، تۆر تالىشىش ئۈچۈن تامچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزى تىككەن ئاياغلارنىڭ چەمىنىڭ ئارىسىغا، ئوقۇرتىغا يوشۇرغانلىقىنى بىلگەن زىلچىچىنىڭ ئوغىسى قايناپ، موزدۇزنىڭ ئۆتۈكىنى سۆكۈپ، ئۆزىنىڭ چەمى بىلەن ئۆز ئاغزىنى ياماپ، ئۇنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ بېرىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي ئەقىلسىز چەمپۇرۇش، ئۆزۈڭگە بېقىپ سۆزلىمەي، نېمىگە چوڭ سۆزلەيسەن ؟ ئەي موزدۇز، سېنىڭ ھۈنىرىڭ ئىشەكنىڭ ساغرىسىنى ئىتقا ئوخشاش چىشلەپ چەم يېيىش. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟ ئەگەر بىرەر ئادەم ساڭا ئۆتۈك تىكتۈرۈشنى خالاپ، ئالدىڭغا كېلىپ ئۆتۈك تىكتۈرۈشنى

بۇيرۇسا، تىلىڭنى ئىشقا سېلىپ چۇچۇك سۆزلىرىڭنىڭ بارىنى تۆكۈپ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، رەختىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتكىن، مەن كېچىچە ئىشلەپ پۈتكۈزۈپ قويىمەن، ئەتە كېلىپ ئېلىپ كەتكىن، دەيسەن. ئۇ كىشى سېنىڭ قاتتىق ۋەدەڭگە ئىشىنىپ ئەتىسى كەلسە، بىراۋنىڭ سېنىڭكىدىنمۇ بەك مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم بۇگۈن ئۆزۈن سەپەرگە چىقماقچى ئىكەن، ئۇنى سەپەردىن قويغۇم كەلمەي سېنىڭكىنى پۈتكۈزەلمىدىم، يەنە ئەتە كېلىڭ، دەيسەن. ھەمىشە شۇنداق يالغاننى ئېيتىۋېرىسەن، شۇڭا ھېچ ئىشىڭ روناق تاپمايدۇ. سەن باشقىلارنىڭ ئۆتۈكىنى پۈتكۈزۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ چەمى بىلەن ئۇقۇرتىغا ساختىلىق ئىشلىتىسەن. سەن تىككەن ئۆتۈكنى كىيىپ ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ئۆتۈكنىڭ چەمى تېشىلىپ، ئۇقۇرتى چۇشۇپ قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھېچبىر تەپتارتماي نېمىشقا ئۆزۈڭنى داڭلايسەن ؟ ئەي چەمپۇرۇش، بىلەمسەن ؟ بۇ جاھاندا مەن بىردىنبىر زىلچىچى بولىمەن. مېنىڭ زىلچىلىرىم بىلەن شاھلارنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى، تەختلىرى بېزىلىپ، زىننەتلىنىپ جىلۋىگە كىرىدۇ. شاھلار ئىپەك زىلچام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇشاللىق بىلەن يۇرتتا دەۋران سۈرىدۇ. شاھلارنىڭ ئادالىتى بىلەن يۇرت روناق تاپىدۇ. مانا، يۇرتنىڭ روناق تېپىشىدا مېنىڭ تۆھپەم شۇنداق زور. شۇڭا، مەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇشقا لايىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىلچىچى موزدۇزنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىپەك زىلچىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى موزدۇزنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ بايانى

زىلچىچى ئۇستىنىڭ ئۆز ھۈنەر ـ كەسپىنى ماختاپ، شان ـ شەۋكەت تالىشىش ئۈچۈن موزدۇزنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى مەشۇت ـ ئىپەكلىرى بىلەن ئوراپ، سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يىپ ـ ماتالارنى يۇيۇپ رەڭ تۇزەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، جەھلى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى سورۇن ئەھلىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

— ئەي زىلچىچى ئۇستا، ئۆزۈڭ ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ ناز قىلما. ئىپەك ـ زىلچىلىرىڭدەك لىغىلداپ سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلما. ماڭا يىپ ماتا يۇيۇپ، رەڭ تەگشەش نېسىپ بولدى. مەن بولمىسام سېنىڭ توقۇغانلىرىڭ تاغاردىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. توقۇغىنىڭ ئەسكى پالاز بولۇپ، پەگاھتا سۆرۈلۈپ يۈرۈيدۇ. ماڭا بارچە ئادەم موھتاج بولىدۇ. مەن

بولمىسام باشقىلارنىڭ ئېگىرگەن يىپلىرى پەقەت تاغار توقۇشقا يارايدۇ. مەن بولغاچقا يىپلارنى يۇيۇپ ئاقارتىپ، تۇرلۇك رەڭ بېرىپ، جۇلالاندۇرۇپ ئۆڭمەس قىلىمەن. ساڭا ھۇنەر قىلىشتا پەقەت تۆمۈر پۇت نېسىپ بولدى. مەن ھۇنەر ئىشلەپ ساخاۋەت داستىخىنىغا نېسىپ بولدى. يىپ ئېگىرىش ساڭا تەقدىردىن نىسىپ بولغان. مەن قېرىغان بولساممۇ كەسپىمدىن قالمىدىم، كەسپىم بىلەن ئىززەتكە سازارەر بولدۇم.

يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ زىلچىچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزىنىڭ يۇيۇش كەسپى بىلەن يۇيۇپ تاشلاپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى زىلچىچىنىڭ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## بوياقچىنىڭ بايانى

يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ ئۆز ھۇنىرىنىڭ تەنتەنىسىدە يۇزىنى بوياپ، ئۆزىنى مەدھىيەلەش، ھۇنەردە شان ـ شەۋكەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى زىلچىچى ئۇستا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، لاپ ئۇرۇپ، زىلچىچى ئۇستىنى كەمستكەنلىكىنى، يىپ ـ ماتالارنى ئۆزىنىڭ بويايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇغىسى قايىندى. بوياقچى يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ بۇ قىلىقىغا

سەۋىر ـ تاقەت قىلالماي، تەنە پەشۋاسىنى يوغىلىتىپ، يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ يۇيغان يىپ ـ ماتالىرىنى توپىغا مىلەپ بۇلغاپ تاشلاپ، بوياقچىلىقتا ئىشلىتىدىغان كالتەكنى بىلەن يىپ ـ ماتا يۇغۇچىنىڭ گەدەنكەشلىك قىلغانلىقىغا پەشۋا بېرىش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

— ئەي شاخارچى، يىپ ـ ماتا يۇغۇچى، ئۆزۈڭنى ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا قانداق مۆتىۋەر سانايسەن ؟ سەن ئۆزۈڭدىن ئۇستۇنلەرنى يامان كۆرىسەن. راست گەپ قىلغىن. سەن شاخار سۈيى ئىچتىڭمۇ؟ سەن دىمىغىڭ ئۇستۇنلۈك قىلىمەن دېگەچكە دىمىغىڭ پۈتۈپ قاپتۇ. دىمىغىڭ پۈتۈپ قالغانلىقى سۆزلىرىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. يىپ ـ ماتانى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ، سوغۇقىڭ ئېشىپ، ئەقلىڭدە نۇر قالماي سارالڭ بولۇپسەن. تېز قوپقىن، بېرىپ تېۋىپ ئىزدىگىن. مېنىڭ ھۈنىرىم كاتتا دەپ قايتا دەۋا قىلمىغىن. مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى ئەقىل ـ ھوشۇڭ بىلەن ئاڭلا. جاھان بېغىدا ھەر خىل رەڭلەرنى كۆرگەنسەن ؟ مېنىڭ كەسپىمنىڭ بارى شۇ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە مەن رەڭ بېرىمەن. مەن رەڭ بەرمىسەم قانداق بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنى بىلىدىغانسەن ؟ بىز بوياقچىلارغا ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇستاز بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ماڭا بىر كۈپ قالغانىدى. مەن بويىماقچى بولغان نەرسىلەرنى كۆڭلۈمدە قانداق رەڭدە بوياشنى ئارزۇ قىلسام، بويىماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئاشۇ كۈپكە سېلىپ، شۇ ھامان ئۆزۈم خالىغان، ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان رەڭدە بوياپ

چىقىرىمەن. سەن پەقەت مەن بويىغان يىپلارنى يۇيۇپ تازىلايسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇنىمۇ ھۈنىرىم بار دەپ چوك سۆزلەمسەن. مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭ ھۈنىرىڭگە باشپاناھ. مېنىڭ ھۈنىرىم بولمىسا، سەن نېمىنى يۇيۇپ تازىلايسەن. شۇڭا، مەن بار يەردە سەن ئېغىز ئاچما!

بوياقچىنىڭ يىپ - ماتا يۇغۇچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆزىنىڭ بوياقلىرى بىلەن بوياپ، ئالەمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى يىپ - ماتا يۇغۇچىنىڭ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## ئېگەر - توقۇمچىنىڭ بايانى

بوياقچىنىڭ ئۆز ھۈنىرىنىڭ ھەممىدىن شان - شەۋكەتلىك، كاتتا ھۈنەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بوياقچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يىپ - ماتا يۇغۇچىنىڭ ھۈنىرىدىكى ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى بايرىقىنىڭ خادىسىغا ئېلىپ ھۈنەرۋەنلەرگە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بوياپ، يوشۇرۇپ، ھۈنەرۋەنلەرنى ئەخمەق قىلمىغاقانلىقىنى بىلگەن ئېگەر - توقۇمچى ئۈستىنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ،

بوياقچىنىڭ ھۈنەر ـ كەسپتىكى ساختىپەزلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئۆز كەسپىنىڭ ئوقدانىنى بېلىگە باغلاپ، مەدھىيە يۈگىنىنى بوياقچىنىڭ باشباشتاقلىق توسۇن ئېتىنىڭ بېشىغا سېلىپ ئۆز مەيدانىدا چاپتۇرۇش ئۈچۈن تىل قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ، مالامەت بىلەن ساۋاپ لەنەت ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ ئەي بوياقچى، كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ ئۆزۈڭگە قارا، سېنىڭ تۇرقۇڭلا قارا ئەمەس، بەلكى كۆڭلۈڭمۇ قارا. سەن ماتا بويايدىغان بوياق بىلەن دىلىڭنى بوياپ ئالغانسەن. سەن ھەرقانداق ئادەم نەپىس ماتا، يىپنى كۆتۈرۈپ ئالدىڭغا بوياشقا بارسا، دىلىڭ قارا بولغاچقا خىيانەتنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ، خىيانەتنى دوست تۇتۇپ، ماتا ـ يىپنى ئېلىپ رەڭنى باشقىچە قىلىپ بېرىسەن. ئەي ئەقىلسىز، ساختىپەز، مەن ساڭا نەسىھەت قىلاي، دىيانەتنى كۆڭلۈڭدە چىڭ تۇتقىن. دىيانەتلىك ئادەم ئىككىلا ئالەمدە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. خىيانەت قىلغۇچى پۈتۈن ئالەمدە خار ـ زار بولىدۇ. مەن كۆن ـ خۇرۇم بىلەن ئۆز ۋەتىنىمنى، يۇرتىمنى، خەلقىمنى، قان ـ قېرىنداشلىرىمنى قوغدىغۇچىلارغا ئوقدان ياسايمەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغا ئېگەر ـ جابدۇق ياساپ بېرىپ، ئاتلىرىنى ئۈچقۇر قىلىمەن. ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىغا قاپ ياساپ بېرىمەن. ئۇلار مەن كۆن ـ خۇرۇمدىن تىككەن كىيىملەرنى كىيىپ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن دۈشمەنلەر ۋەھىمىدە قالىدۇ. چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ. مەن ئۇلۇغ پادىشاھلارغا خەزىنە

ياساپ بەرگەچكە شاھلارنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولدۇم. شۇڭا، مېنىڭ ھۇنىرىم ھەممە ھۇنەرلەرنىڭ سەردارى، كاتتىسى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ.

ئېگەر ـ توقۇمچى بوياقچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئاياغلىرىدىن چىققان چاڭ ـ توزان بىلەن يوشۇرۇپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى بوياقچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## باسمىچىنىڭ بايانى

ئېگەر ـ توقۇمچى ئۇستىنىڭ ئۆز ھۇنەر ـ كەسپىنى ماختاپ يورغا ئېتىنى مەيدان ئارا چاپتۇرۇپ، بوياقچىنىڭ ئىززەت، قەدىر ـ قىممەت گۈلزارلىقىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، خار ـ زار قىلىپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى چاڭ قىلىپ ئاسمانغا تارتىپ، بۇ چاڭ ـ توزان بىلەن ئالەمنى خىرە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى يوشۇرغانلىقىنى بىلگەن باسمىچىنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى. باسمىچى ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارىلاشنى ئۆز كەسپىنىڭ رەڭگارەڭ نەقىشلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئېگەر ـ توقۇمچى ھەققىدە

سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئەي سېسىق كۆنچى، تاسمىچى، ئۆزۈڭگە بېقىپ سۆزلە. سەن نېمەڭگە بۇنچە چوڭ سۆزلەيسەن؟ نېمەڭگە بۇيۇكلۇك، ئۇلۇغلۇق تەختىنى كۆزلەيسەن؟ كىشىلەرنىڭ قوتۇر ئېشەكلىرىگە توقۇم تىكىپ بەرگىنىڭدىن پەخىرلىنەمسەن؟ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا قىلچىلىكمۇ هايا ـ نومۇس يوق ئىكەن. سېنىڭ ئىشىڭ پەقەت كالا تېرىسىدىن تاسما تىلىش. بۇ ئىش هۇنىرىڭ بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك سەن ياسىغان ئوقدانلارغا سالغان ئوقلاردا نۇرغۇن بىگۇناھ جانلار ۋاقىتسىز باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. سەن بۇ ئىشىڭدىن پەخىرلىنەمسەن؟ سەن بىلسەڭ، هۇنەرلەر ئىچىدە مېنىڭ هۇنىرىم ئەڭ كاتتا. چۈنكى، مەن هۇنەرلەرنىڭ ئۈستىگە نەقىش بېسىپ، زىننەتلەپ هۇنەرلەرنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇپ جۇلا بېرىمەن. مېنىڭ نەسىھەتلىرىم ئەقىلدارلارغا لازىم بولغۇدەك پەزىلەتلىك. راست گۇللەرنى تىزىپ، باسما قىلىپ، سىزىپ كۆپ هۇنەرلەرنىڭ ئۈستىگە نەقىش بېرىمەن. باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يوشۇرىمەن. كىشىلەر هۇنىرىمنى كۆرگەن هامان ئاجايىپ ئېسىللىقىدىن تەئەججۈپتە هوشىدىن كېتىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنى ئاياش كېرەك، بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان، ئادەتتىكى كىشىلەر قىلىدىغان هۇنەر ئەمەس. ئەگەر مېنىڭ قىلغان هۇنىرىمنى كىشىلەر كۆرسە، بۇ هۇنەرنى ئىنسان بالىسىنىڭ قىلغانلىقىغا

ئىشەنمەيدۇ.

باسمىچى ئېگەر ـ توقۇمچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى نەقىشلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى ئېگەر ـ توقۇمچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## تۈگمەنچىنىڭ بايانى

باسمىچى ئۇستىنىڭ ئۆز ھۈنىرىنىڭ داڭلىق تاۋارلىرىغا ئېپتىخار بازىرىدىن خېرىدار ئىزدەپ، ئېگەر ـ توقۇمچى ئۇستىنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى جاھان ئەھلى ئارىسىدا جار سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تۈرلۈك ـ تۈمەن رەڭ ـ نەقىشلىرى بىلەن يوشۇرغانلىقىنى تۈگمەنچى بىلىپ قالدى. باسمىچىنىڭ بۇ ئىشى تۈگمەنچىنىڭ ئىچىنى ئۆرتىدى، سەۋر قاچىسىنى تاشتۇردى. تۈگمەنچى باسمىچىنىڭ بۇ ئىشىنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارىلاشنىڭ ئۆزىنى جاھان ئەھلىگە نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرستى، سورۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاپا ـ تەنە مىتىنلىرىنى يامرىتىپ، باسمىچىنىڭ باسمىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز ھۈنىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئاساسلىرى بىلەن

باسمىچىنىڭ شان ـ شەۋكەتلىرىنى سۇندۇرۇشقا تۈگمەن چىقىلدۇرغۇچىدەك تىلىنى ئىشقا سېلىپ غەزەپ بىلەن سۆزگە كىرىشتى:

— ئەي ئەقلى يوق، يۈزى قارا، بەتبەشىرە، بوياق بىلەن ئالەمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان دىلى قارا. سەن ئۆزىنى ماختىغاننىڭ بىرىنچى ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئەي نادان، سەن بۇ ھېكمەتنى بىلمەمسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ خىسلىتىنى ئۆزۈڭ ماختامسەن. سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلەرنىڭ خىيالى. ئەخمەقلەرلا ئۆزىنى شۇنداق ماختايدۇ. ئۆزىنى كۆپ ماختاش ئەخمەقنىڭ ئىشى. ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەم بۇ سۆزنى بىلىدۇ، بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەي باسمىچى، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا، مەن ساڭا كەسپىمنى، ھالىمنى بايان قىلاي. ماڭا ھۈنەرلەر ئىچىدە تۈگمەنچىلىك قىلىش نېسىپ بولدى. مەن بولمىسام ھەممە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، بارلىق ئالەم ئەھلى ئۇن ئېلىش ئۈچۈن تۈگمەن ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. تۈگمەن تېشى پەلەكتەك ئايلىنىپ تۇرسىلا، ئۇنىڭدىن ئاش ـ نان يېتىدۇ. تۈگمەن يوق بولسا جاھاندىكى ھەممە جانلار يوقاپ كېتىدۇ. تۈگمەن بولمىسا تۇخۇدەك يىرىك دانلارنى يېمەي نېمە چارە قىلاتتىڭ ؟ تۈگمەن بولمىسا ساڭا نان نەدىن كېلىدۇ؟ ئامالسىز نان، نان دەپ يېتىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلاتتىڭ ! مېنىڭ ھۈنىرىم مېھنەتلىك بولسىمۇ، مېھنىتىمدىن جاھان

ئەھلى ھىممەت كۆرىدۇ. جاھان ئەھلى مېنىڭ مېھنىتىمدىن ھىممەت كۆرگەچكە مېنىڭ ھۈنىرىم ئەڭ كاتتا. شۇڭا، مەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەردارى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىمەن. ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرى ماڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

تۇگمەنچى باسمىچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب نۇقسانلىرىنى تۇگمەندىكى چاڭ - توزانلاردەك توزىتىپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى باسمىچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## جۇۋازچىنىڭ بايانى

تۇگمەنچىنىڭ ئۆز ھۈنەر- كەسپىنى جاھان بازىرىغا سېلىپ، تۇگمەن تاشلىرىنى ماختاش دولقۇنلىرى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، باسمىچىنىڭ ھۈنىرىنى تۇگمەن تاشلىرى ئارىسىدا يانجىپ تاشلاپ، باسمىچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى تۇگمەن توزغاقلىرىدەك توزىتىپ، جاھان ئەھلىگە شايى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تۇگمەن تېشىنىڭ گۈلدۈرماملىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلاپ، ھۈنەرلەر سورۇنىدا سەردارلىق ئورۇنىنى تالىشۋاتقانلىقىنى بىلگەن جۇۋازچى بۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ياغدەك ئېرىپ كەتتى.

جۇۋازچى ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى سورۇن ئەھلى ئالدىدا ئاشكارىلاشنى، ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ جۇۋىزىنى تەكەببۇرلۇق ئۆكۈزى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، تۈگمەنچىنىڭ تاشلىرىنى تەتۈر ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى سۇ ئۈستىدىكى مايدەك پارقىرىتىپ، چاچراتقۇ سالغاندەك چاچراپ مەيدانغا چۈشۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي تۈگمەنچى، باشقىلارنىڭ ئۈنىنى ئوغرىلاپ قىلغان كۆمىچىڭنى كۈلگە مىلەپ خام يېدىڭمۇ؟ ئېيتقىنا، كىشىنىڭ ھەققىنى كۈلگە مىلەپ، بۇلغاپ يېگەنلىكىڭ ئۈچۈن خام كۆمەچ قورسىقىڭنى ئاغرىتتىمۇ؟ تۈگمەنلەر ئارا ئۈن تارتىشقا ئۆگەت تالىشىش، تۈگمەن چېقىلدۇرچىغا ئوخشاش چېقىمچىلىق قىلىش، غەيۋەت قىلىش سېنىڭ كەسپىڭ بولدى. بۇ كەسپىڭ بىلەن تىنچ كۆڭۈللەرنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالدىڭ. باشقىلارنى زىددىيەتكە سېلىپ قويۇپ ئارىدىن مەنپەئەت ئالدىڭ. ساڭا تۈگمەنچىلىك ئىشى نېسىپ بولدى. ماڭا قاراڭغۇ يەرنى، قاراڭغۇ دىللارنى روشەن قىلىش كەسىپ بولدى. مېنىڭ يېغىم بىلەن قاراڭغۇ يەرلەر، تۈن كېچىلەر يورۇيدۇ. ئالەم روشەنلىككە تولىدۇ. ئەگەر ياغ بولمىسا، كېچىدە ئۆيلەر، ئوردا-سارايلار قاراڭغۇ گۆر بولىدۇ. ئەگەر چىراغدا ياغ بولمىسا، پىلىك بىلەن قاراڭغۇلۇق روشەن بولمايدىغانلىقى ئەڭ كاتتا ھەقىقەت. جاھان ئەھلى مېنىڭ مېھنىتىمدىن روشەنلىككە ئېرىشكەچكە

مېنىڭ ھۈنىرىم ئەڭ كاتتا. شۇڭا، مەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەردارى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىمەن. ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرى ماڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

جۇۋازچى تۈگمەنچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب نۇقسانلىرىنى ماينىڭ دۇغى بىلەن ماي كۆچىگە يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى تۈگمەنچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## قاسساپنىڭ بايانى

جۇۋازچىنىڭ ئۆز ھۈنەر ـ كەسپىنى ياغلىما سۆزلەر بىلەن مەدھىيەلەپ، سورۇن ئەھلىنىڭ گېلىنى ئاچچىق مايلىرى بىلەن مايلاپ، كۆزىنى سۇ ئۈستىدىكى مايدەك پارقىرىتىپ، تۈگمەنچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ماي كۆچىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى قاسساپ بىلدى. قاسساپ جۇۋازچىنىڭ ساختىپەزلىكىگە ئوغىسى قايناپ، ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ دانالىقىنى سورۇن ئەھلىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەنە ـ مالامەت پالتىسىنى غەزەپ قولىغا ئېلىپ، جۇۋازچىنىڭ چوڭ سۆزلۈك

كۆپىنى چىقىپ، باشقىلارنىڭ گىلىنى مايلاش ئۈچۈن يىغىپ قويغان يىغىنى ئېقىتىپ سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا ساختىپەزلىكىنى ئاشكارىلاشقا تىل شەمشىرىنى ئىشقا سالدى:

— ئەي ياغچى، چوڭ سۆزلىمەي قىلىۋاتقان سۆزۈڭنى توختات، سۆزلىرىڭمۇ ئاچچىق بۇسىڭغا ئوخشاش سورۇن ئەھلىنىڭ باشلىرىنى قايدۇرۇپ كەتتى. يەنە سۆزلىسەڭ سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بۇس ـ دۇتلىرىڭ دەستىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ سەن نېمەڭگە چوڭ سۆزلەيسەن؟ سەن ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا. مەن سېنىڭ كەسپىڭنى، ئۆزۈمنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىمەن. سورۇن ئەھلىگە ئايان قىلىمەن. نەدىمۇ ئۆز كەسپىنى ئۆزى سۆزلىگەن بار؟ سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ خىيالى. ماڭا ئېيتقىنا، سەن ئاشۇ ئاچچىق يىغىڭنى پەخرىڭ دەپ بىلەمسەن؟ يىغىڭنىڭ ئاچچىقلىقىغا ئالەمدە ئەركىن نەپەس ئالغىلى بولمايدۇ. سۆزلىرىڭمۇ يىغىڭدەك ئاچچىق، بەتبۇي پۇراپ تۇرىدۇ. ۋۇجۇدۇڭدىمۇ ھېچقانداق خۇشبۇيلۇق يوق. سەن باشقىلار كۆرمەستە خەقنىڭ يىغىنى قاپىقىڭغا قاچىلاپ، قوينۇڭغا تىقىپ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن. باشقىلارنىڭ يىغىنى چىراغ يېغى قىلىپ سېتىپ، تەڭگىلەرنى چۆنتىكىڭگە سالىسەن. بۇنى ئاز دېگەندەك تېخى كۆنجۈرنى ناندەك يېيىشنى ئادات قىلغانسەن. بۇنىڭ سەۋەبى سەن دائىم كالىنى ئۆلپەت تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بارىسەن. سېنىڭ كەسپىڭ ياغچىلىق تۇرسا، بۇنداق چوڭ

سۆزلەپ، يالغان ئېيتىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ يالغانچىلىق كەسپىنى نەدىن تاپتىڭ ؟ ھۈنەر ـ كەسپلەر ئىچىدە ماڭا قاسساپلىق نېسىپ بولدى. بۇ ھۈنىرىم بىلەن جاھان ئەھلىگە يورۇقلۇق يەتكۈزدۈم. قويلار مېنىڭ قولۇمدا ھالال بولۇپ، جاھان ئەھلىگە ئوزۇق بولۇپ، جىسمىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. مەن ھەق يولىدا قاسساپلىق قىلىپ، بىكارغا مال سويۇپ شەرئىيەت ئىشنى ئىشلىدىم.

قاسساپ جۇۋازچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزى سويغان قويلارنىڭ ئۈچەي ـ باغرىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى جۇۋازچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## باققالنىڭ بايانى

قاسساپنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى ماختاپ، قۇيرۇق ياغلىرىنى كانارىغا ئېسىپ، ئەجەبلىنىش، پەخىرلىنىش بازىرىدىكى خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن جۇۋازچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى بازارغا يېيىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى چاۋىلار ئارىسىغا تىقىپ، ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرىگە چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى باققال بىلىپ قالدى. باققال

قاسساپنىڭ بۇ ھۈنىرىدىن سىقىلغان ئۆرۈكتەك يانجىلىپ تاقىتى تۈگىدى. باققالمۇ باشقىلارغا ئوخشاش قاسساپنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاشنى ئۆز ھۈنىرىنى ماختاپ ھۈنەرۋەنلەر ئەھلىگە كۆرسىتىشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق، قاسساپنىڭ باشباشتاقلىق كاللىسىنى ئۆزىنىڭ گۆرىگە تىقىش ئۈچۈن غەزەپ يالقۇنىدەك يېنىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي پوكانچى، قىزىل كۆز كاززاپ، قىلغان سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ كاززاپلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سەن جاھاندىكى ئەڭ ياۋاش جانىۋار قويلارغا زۇلۇم سالىدىغان بۇ كەسپىڭگە شۇنچە مەغرۇرلىنامسەن؟ قولۇڭ ئۆز ھەمراھلىرىڭغا خىيانەت قىلىشقىلا سوزۇلىدۇ. تېخى بۇنى ئاز دەپ ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى دەپ ساتىسەن. بۇ ئىشىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆچكىنىڭ ساغرىسىغا قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى چاپلاپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بويايسەن. دوستۇڭغا پەش بىلەن سۆڭەك ساتىسەن. تارازاڭنىڭ دەستىسىنى بارمىقىڭ بىلەن بېسىپ، تارازاڭنىڭ تېشىنى كەلگەن چېكىتتە تۇرغۇزمايسەن. تارازىنى توغرا تۇتماي، كەم بېرىپ كۆپ داچەن ئالىسەن. شۇنداق بولسا سەن ئاخىر ئۆزۈڭنىڭ پىچىقى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بېشىنى كېسىسەن. ئەي قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان قاسساپ، ماڭا باققاللىق ھېسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىمدا

مېۋىلەر تۈركۈملەپ - تۈركۈملەپ تۇرىدۇ. دۇكىنىمدا ئابىھاياتتەك شېرىن، تاتلىق مېۋە يېمەكلىكلەردىن شېكەر، نۇقلە، پىستە، ناۋات، ھەسەل بار. يەنە دۇكىنىمدا سىركە، تاۋۇز، قوغۇن بار. بۇ نېمەتلەر بىلەن دۇكىنىم جەننەت تۇسىگە كىرگەن بولۇپ، جاھان ئەھلى مېنىڭ دۇكىنىمدىن راھەت تاپىدۇ. تېخى جاھان ئەھلى سەرتاندا مۇز ۋە مۇز سۈيى بىلەن جىسمىدا يېڭى جان پەيدا قىلىدۇ. مەن جاھان ئەھلىگە ھېسابسىز نازۇنېمەت بېرىپ، ياخشىلىق، نېمەت يەتكۈزىمەن.

باققال قاسساپنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى مېۋىلىرىنىڭ شىرنىلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى قاسساپنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## ئەۋرىشىمچىنىڭ بايانى

باققالنىڭ ئۆز مېۋىلىرىنى ماختاپ، سورۇن ئەھلىگە ھەدەپ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەۋرىشىمچىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي، ئۇنىڭ جان تومۇرى تولغىنىپ قالغاندەك پەرياد - پىغان بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ كارامەتلىرى بىلەن باققالنىڭ گەدىنىگە سالغا

سېلىش ئۇچۇن غەزىپىنى چىچىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئەي كەسىپلەر ئىچىدىكى چامغۇرپۇرۇش، ساڭا بۇنچە لاپ ئۇرۇش نېمە كەپتۇ؟ سېنىڭ دۇكىنىڭدىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقتى ئۆتكەن، سېسىپ چىۋىن باسقان شالتاق نەرسىلەر. سەن زېدە بولغان مېۋىلىرىڭنىڭ زېدىنى ئادالاپ خېرىدارغا داڭلاپ ساتىسەن. ئۆزۈڭ بولسا ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقى بىلەن چىۋىن قورۇپ ئارام ئالالمايسەن. قوغۇن ــ تاۋۇزنىڭ گېپىنى قىلىسەن، لېكىن ساتىدىغانلىرىڭ پىشمىغان خام، قىڭغىر سويما. ئالمىلىرىڭ قۇرتلۇق، ئۆرۈكۈڭ غورا. شۇنداق بولغاچقا سېنىڭ ساتىدىغىنىڭنىڭ ھەممىسى ئوغا. شۇنداق بولغاچقا ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىدا ساڭا چوڭ سۆزلەش نېمە كەپتۇ ؟ ئەي باققال، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال. ھۈنەر دېگەن مانا مېنىڭ ھۈنىرىمدەك بولسا ھۈنەر دېسە بولىدۇ. شۇڭا، شاراپەت دىيارىنىڭ بىردىنبىر ئەھلىمەن. سەن جاھان ئىچىدە شاراپەتسىز نائەھلىسەن. سەن ئەدەپ بېغىدىن زەررىچىلىك ئەدەپ يوقتۇرمىدىڭ، قوبۇل قىلمىدىڭ. شۇڭا، ئەدەپلىك بولۇشنى ئۆگەنسەڭ بولىدۇ. قۇرۇق گەپ قىلما، ساڭا سەت قىلىق، يامان ئىشلار كەسىپ بولدى. مېنىڭ كەسپىم ئەۋرىشىم ئىشلەش. مېنىڭ ئەۋرىشىمىمدىن ئىشلىگەن مەشۇتۇمنى كۆرسەڭ 32 خىل رەڭدىكى مەشۇتۇم گۈلزارلىقتىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە ئوخشايدۇ. چىن ئەھلى ئىپەك بىلەن كىيىم ــ كېچەك كىيسە، تېخى ھىندى، كەشمىر ئەھلى باشقا كىيىم ــ كېچەكلەرنى ھازىرلايدۇ. ئىپەك زىلچا

تەييارلاپ، ھىرات، پەرەڭگە مېنىڭ شوخ رەڭلىرىمنى ئېلىپ بېرىپ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. مېنىڭ ھۈنىرىم ھۈنىرىمىزنىڭ كاتتىلىقىنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە بىلدۈردى. شۇڭا، مەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، سەردارى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىمەن.

ئەۋرىشىمچى باققالنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزىنىڭ مەشۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، مەشۇتلىرىنىڭ رەڭلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنى ئالچەكمەن قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى جۇۋازچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## تاۋاقچىنىڭ بايانى

ئەۋرىشىمچى ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئىپەكلىرىنى رەڭگارەڭ بوياپ كۆرسىتىپ، تەنتەنە بازىرىنى ماختاش بىلەن زىننەتلەۋاتقاندا، ئەۋرىشىمنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرى، باققالنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى بېزەپ كۆرسەتكەن قىلىقى تاۋاقچىنىڭ دىتىغا ياقماي قالدى. تاۋاقچى ئەۋرىشىمچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە تاقەت قىلالماي، ئەۋرىشىمچىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن تەنە

ھارۋىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئەۋرىشىمچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئەۋرىشىمچىنىڭ مەشۇت ـ يىپلىرىنى مالامەت خۇمدانىدا كۆيدۈرۈشكە سۆز باشلىدى.

ــ ئەي يىپچى، ئەشكەن تارىڭ بىلەن پەخىرلىنىۋاتامسەن؟ ئەگەر ئەشكەن يىپ پەخىرلىنىشكە دەسمايە بولسا، ئەرزىسە، قېرى دەللىلەرمۇ ئەشكەن يىپىدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ. بۇ ھۈنىرىڭنى بىزگە چوڭ كۆرسەتمە. ئۆزۈڭنىڭ ھۈنىرىنى ھۈنەر ساناپ، بىزنىڭ ھۈنىرىمىزنى رەت قىلما. ئەگەر يىپ ئېشىشنى ھۈنىرىم بار دەپ سانىساڭ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مېنىڭ بايانىمنى ئاڭلا. بۇ جاھان مېنىڭ بىلەن روناق تاپىدۇ. شاھلار مېنىڭ ھۈنىرىم بىلەن راھەت تاپىدۇ. جىسمىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپىدۇ. شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن ھەممىسىنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشىدۇ. پىيالەمدە مەي، شاراب، ئۇسسۇزلۇق ئىچىدۇ. تاۋىقىمغا يېمەكلىك، كاۋاپ ئېلىپ يەيدۇ. سارىيىمدا كۈندە بەزمە، مەجلىس بولىدۇ. سورۇن ئەھلى مەندىكى نېمەتلەرنى يەپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ پاراغەت ئىچىدە باياشات ياشايمەن. پىيالەم مەيگە خۇمار بولغانلارغا باشپاناھ بولۇپ، ساقىيغا مەرتىۋە ئاتا قىلىدۇ. شاھلار كاسالارغا پولۇلارنى ئۇسسۇپ يۇرت خەلقىنى تويغۇزىدۇ. شۇڭا، شاھنىڭ تەختى مېنىڭ بۇ كەسپىم بىلەن تىك تۇرىدۇ. راۋاج تاپىدۇ. مەن بولمىسام شاھلىقنىڭ تەختى غۇلاپ، شاھلىق خانىۋەيران بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ شان ـ شەۋكىتىممۇ

شاھلارنىڭ ئالدىدا تاۋاقلىرىمدەك پارلاپ تۇرىدۇ. چىن ئەھلى مېنىڭ تاۋاقلىرىمغا رەشك قىلغاچقا ئەقلى لال بولۇپ، تىلى سۆزدىن توختاپ، ياشاش ئىمكانىيىتىنى يوقىتىپ قويىدى. مېنىڭ ھۈنىرىم شۇنداق كاتتا بولغاچقا، مەن ئۆزۈم ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەردارى بولۇپ تۆرگە چىقىشقا مۇناسىپ كېلىمەن.

تاۋاقچى ئەۋرىشىمچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى شاھ سورۇنلىرىنىڭ بەزمىسىدىكى تاۋاقلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، شاھ بەزمىلىرى ئارقىلىق سورۇن ئەھلىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى جۇۋازچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## نەقىشچى بىلەن سىرچىنىڭ بايانى

تاۋاقچى ئۆز ھۈنىرى، پىيالىلىرىنىڭ سۈپەت - تەرىپلىرىنى كۆككۆل خۇمدانىدا پىشۇرۇپ تەييارلاپ، تىل سۈپىدە زىننەتلەپ ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا ۋەزخالىق قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇپ، ئەۋرىشىمچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىشى سىرچى بىلەن نەقىشچىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالدى. ئۇلار تاۋاقچىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىگە تاقەت قىلالماي، تاۋاقچىنىڭ ئەيىب -

نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلى ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆز ھۇنەرلىرىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ئۆز ھۇنەرلىرىنى ئاجايىپ نەقىشلەر بىلەن بېزەپ مەدھىيەلەپ تاۋاقچىنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى. چۈنكى، تاۋاقچىغا نەقىشچى كۆپ تاپا ـ تەنە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن تېخى سىرچى لەنەت ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تاۋاقچى ھەيرەتتە قالدى. نەقىشچى:

— ئەي تاۋاقچى، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما، سېنىڭ تاۋاقلىرىڭنىڭ نەقىشىنى كىم چەككەن ؟ — دەپ سورىدى. سىرچى :

— ئەي تاۋاقچى، سەن خۇمداندا لايچى ئىدىڭغۇ؟ سېنى چوڭ سۆزلەتكەن تاۋاقلىرىڭنىڭ سىرىنى كىم بەرگەن ؟ — دەپ سورىدى. نەقىشچى يەنە :

— ئەي تاۋاقچى، ئېيتقىنا، تاۋنىقىڭ نەچچە پۇل ؟ — دەپ سورىدى. سىرچى يەنە :

— ئەي تاۋاقچى، سەن ئەسلى زاتىڭنىڭ سېسىق قول ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى. نەقىشچى يەنە:

— سەن ئاشۇ تاۋنىقىڭ بىلەن پەخىرلىنەمسەن ؟ — دەپ سورىدى. سىرچى يەنە :

— سەن بۇ سورۇنغا كەلگۈچە ئۆزۈڭ داغلىغان پىيالەڭدە ھاراق ئىچىۋالمىغانسەن ؟ — دەپ مەسخىرىلىك سورىدى.

ئىككىسى نۆۋەت بىلەن تاۋاقچىنى كۆپ مەسخىرە قىلىپ، مەسخىرە ـ ھەزىلكەشلەرگە ئويۇن ـ كۈلكە چىقىرىپ بەردى. تاۋاقچى ئۇلارنىڭ مەسخىرىسى ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ ئېغىز ئاچالماي قالدى. تاۋاقچىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن نەقىشچى بىلەن سىرچى ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، تاۋاقچىنىڭ ئەندىشىسىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلىدى.

ـــ ئەي تاۋاقچى، بىزنىڭ كەسپىمىز جاھانغا نەرسىلەرنى نەقىشلەپ كۆرسىتىش. ئەگەر نەقىش قىلىشقا سۈرەتنى تارتسام، نەقىش بىلەن سۈرەتنى ئەسلىدىكىدەك نەقىشلەيمەن. تۈرلۈك نەقىشلىرىمگە بارلىق چىن ئەھلى ھەيران بولسا، پەرەڭ خەلقىنىڭ كۆڭلى ۋەيران بولىدۇ. سېنىڭ نەقىش، سىرلىرىڭنى مانا بىز بەرگەن. شۇنداق بولغاچقا ساڭا جاھان ئەھلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتى تەگدى. سەن: «سىرلىساڭ خان تاۋىقى، سىرلىمىساڭ ئىت يالىقى» دىگەن ھېكمەتنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. بۇنى بىلمىسەڭ بىلىۋال. بۇ ھېكمەتتىن ئۆزۈڭنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن. شۇڭا، ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا سەردار بولۇشقا، ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرىگە چىقىشىغا بىزنىڭ شەرتىمىز توشىدۇ.

نەقىشچى بىلەن سىرچى بىرلىشىپ تاۋاقچىنى مەسخىرە قىلىپ، تاۋاقچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەقىش ـ سىرلىرى بىلەن يوشۇرۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ

كۆزلىرىنى بوياپ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى تاۋاقچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## شالگەر بىلەن ساغرىچىنىڭ بايانى

سىرچى ۋە نەقىشچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەردىكى كامالەت ۋە ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى ماختاش، جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى نەقىش، سىرلىرى بىلەن يوشۇرۇپ، تاۋاقچىنى ھەر خىل ھەزىلەر بىلەن مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى جاھان ئەھلى ئالدىدا شايى قىلىشى شالگەر (قوي، ئۆچكە،كالا تېرىلىرىنى رەڭلىگۈچى ئۇستا) ۋە ساغرىچىنىڭ قولىغا ياقماي قالدى. شۇڭا، شالگەر بىلەن ساغرىچىمۇ سىرچى بىلەن نەقىشچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىنى سورۇن ئەھلىگە نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنىڭ ئۆتكۈر تىغلىرىنى قولىغا ئېلىپ، سىرچى بىلەن نەقىشچىنىڭ ئالتۇندا ھەل بېرىپ نەقىشلىگەن تاۋاقلىرىنىڭ سىر، نەقىشلىرىنى قىرىپ تاشلاپ ساختىلىقىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بىرلىشىپ سۆز باشلىدى:

— ئەي سىرچى، نەقىشچى، دائىم ئۆتتەك قاۋاپ، ھەممىشە ئۆزۈڭلارنىڭ، ھۈنەرىڭلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، كۆرۈنۈشىنى ماختايسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ قىلىقىڭلاردىن مۇقەررەر چوڭ تارتقۇلۇقۇڭلارنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. سىلەر تاملارغا ھەر خىل رەڭلەردە ھەر خىل ناچار سۈرەتلەرنى سىزىپ شەكىل چىقىرىپ بۇنى ھۈنەرىمىز دەپ ماختىنىمسىلەر؟ ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى تامغا سىزسا ياكى شەكلىنى ئۆيگە چىقارسا، مۇسۇلمانلار بۇنداق ئۆينى بۇتخانا دەيدۇ. شۇڭا، دىن ئەھلى نەقىشچىلەرنى يات كۆرىدۇ. ئەگەر كەسپىتىن دىنغا نۇقسان يەتسە، ئۆزۈڭدىن ئاشۇ كەسپنى يىراق قىلىشىڭ كېرەك. ئادەم كەسپكارلار ئارىسىدا ئەلەم كۆرسە، قىيامەت كۈنى بايراقدار بولىدۇ. كەسپدارلار ئىچىدە بىزگە مېھنەت نېسىپ بولىدى. ئەگەر راھەت نېسىپ بولسا ئەجەبلىنىش كەتمەيدۇ.

شالگەر بىلەن ساغرىچى بىرلىشىپ نەقىشچى بىلەن سىرچىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆزلىرى بويىغان تېرىلەرنىڭ بويىقى بىلەن بوياپ، سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ سۆزنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى سىرچى بىلەن نەقىشچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## بورىچىنىڭ بايانى

شالگەر بىلەن ساغرىچى ئۆز ھۈنەرلىرىنى ماختاپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنىڭ تېرىسىنى تاراشلاپ، مەنمەنلىك گەردىشىگە تارتىپ، ھۈنەرۋەنلەر يىغىلىشىدا داپ چېلىپ، سىرچى بىلەن نەقىشچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنى ماختاشلىرى بورىچىغا ياقماي قالدى. بورىچى ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى جاھان ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تاپا ـ تەنە بورىسىنى توقۇپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى بورىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قومۇشتەك غادىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىرلىك كۆن ئەيلەيسەن ئىشەك ساغرىسىدىن، بىرلىك باخشىخانىغا كىرىپ باخشىلارنىڭ ناغرىسىنى چالىسەن. تېخى غەزەلخانىغا كاناي تەييارلاپ، باخشىلارغا داپ ياساپ بېرىشىسەن. سىلەر بۇ ھۈنەرلىرىڭلار بىلەن مۇقەررەر كامالەتكە يېتەلمەيدىغانلىقىڭلارنى، جىنىڭلارغا ئۈۋالچىلىق بارلىقىنى بىلىشىڭلار كېرەك. چۈنكى، سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلاردا ساختىپەزلىك بەك كۆپ. بورا توقۇش مېنىڭ كەسپىم. كۆڭلۈمدە ھۈنىرىمگە ساختىلىق يوق ھەم مېنىڭ ھۈنىرىمگە ساختىلىق ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بورا مەسچىت ئىچىدە بىسات بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پېقىرلارغا چەكسىز خۇشاللىق، ھىممەت

يېتىدۇ. بورا ئۇستىدە زاھىت ناماز ئوقۇسا، تېخى ئەھلى ھاجەتمەنلەر ھاجىتىنى تىلەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولسا، شۇ چاغدا مەن زەررىچىلىك ھوسۇل ئالغان بولىمەن.

بورىچى شالگەر بىلەن ساغرىچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزى توقۇغان بورىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى شالگەر بىلەن ساغرىچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## كىگىزچىنىڭ بايانى

بورىچى ئىتائەتسىزلىك قومۇشى بىلەن ئۆز پەزىلىتىنىڭ بورىسىنى توقۇپ، ئۆز ھۈنەر ئىشىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن مەسچىتكە سالغاندا بورىچىنىڭ بۇ قىلىقى، گەپ ـ سۆزلىرى كىگىزچىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالدى. كىگىزچى بورىچىنىڭ يات قىلىقى، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن تەنە مۇشتىكىنى قولىغا ئېلىپ، غەزەپ چىغى بىلەن بورىچىنى يۆگەپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كىگىز بىلەن باستۇرۇپ قويۇپ، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بورىچىنى تەپكىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— ئەي بورىچى، كۆپ مەغرۇرلانما. قومۇشتەك بېشىڭنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ غادايما. ئىش قىلىشنىڭ يولىنى بىلىپ كەمتەر بولساڭ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئاقىۋەتتە جەمئىيەت شاھقا ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسەن. بېشىڭنى قومۇشتەك ئېگىز كۆتۈرۈپ غادىيىپ يۈرسەڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەدىر - قىممىتىڭ يوقاپ، بورىدەك قەدىر - قىممەتسىز بولۇپ قالىسەن. مېنىڭ كەسپىمنى سورىساڭ، مەن كىگىزچى. مەن كەسپىم، ھۈنىرىم ھەققىدە دائىم ئۇلۇغلار بىلەن سىرداشىپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى، كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىمەن. ھۈنەر ئىشلەشتە دىيانەتنى مىزان قىلىمەن. شۇڭا، مېنىڭ كىگىزىم بولمىسا ئۆيلەر ۋەيرانە كۆرۈنىدۇ. كىگىز بولسا ئۆيلەر كاتتا كۆرۈنىدۇ. تېخى ئۆز ھۈنىرىمنى چىقىرىپ نەقىش بىلەن جايناماز ئىشلىسەم ئىبادەت قىلغۇچىلار مەمنۇنىيەت بىلەن ئولتۇرۇشىدۇ. ئىبادەتلىرىدە ماڭا دۇئا قىلىشقاچقا ئىشىمنىڭ بەرىكىتى كۆپ. ئەي بورىچى، سېنىڭ بوراڭ دائىم مېنىڭ كىگىزىمنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. كەسپىمدىن ماڭا پاكىزلىق، دىيانەت نېسىپ بولغان بولسىمۇ يەنىلا گۇناھ - كىبىر سادىر قىلىپ قويدۇممۇ، دەپ كۆزۈمدە، دىلىمدا ياش قۇرۇمايدۇ. شۇڭا، بورىچى، سەن مەن بار يەردە تۆر تالاشما. تۆر مەندىن ئاشسا ساڭا قالىدۇ.

كىگىزچى بورىچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆزى پىشۇرغان نەقىشلىك جاينامازنىڭ ئاستىغا

باستۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۇگەتتى. سورۇن ئەھلى ئاددىي بورىچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## سوپۇنچىنىڭ بايانى

كىگىزچىلەر ئۆزلىرى ئىشلىگەن ھەر خىل نەقىشلىك جايناماز لىرىنى ماختىنىش بازىرىغا يېيىپ، پەخىرلىنىپ، ساختا پەند - نەسىھەتلىرىنى سورۇن ئەھلى ئارىسىدا نامايىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ساختىلىقىغا قەلبى ئۆرتىنىپ ئۇغىسى قايىندى. سوپۇنچى ئۆز ھۈنەر - كارامىتىنى كۆرسىتىپ، سوپۇن تەييارلاپ، كىگىزچىنىڭ دىلىدىكى ساختىلىقتىن ھاسىل بولغان كىر - قاسماقلارنى يۇيۇپ تازىلاش نىيىتىگە كەلدى. سوپۇنچى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۈنەر - كارامىتىنى سورۇن ئەھلىگە بىلدۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بۇ پۇرسەتتە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن سوپۇن ماغزىپىدەك كۆپۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي كىگىزچى دوستۇم، ساڭا كەسپلەر ئىچىدە ئاتقۇچىلىق نېسىپ بولغان بولۇپ، سەن ئۇنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەيلەپ، قاتۇرۇپ كىگىز چاپان تىككەسەن. بۇ كەسپىڭدە دىشۋارچىلىقنى كۆپ كۆردۈڭ. ئۆزۈڭنىڭ مېھنىتىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. بۇ جاھاندا كەسپىڭدىن ئۈمىد كۈتكىلى

بولمايدۇ. بىرەر نىشان يوق. شۇڭا، بۇنداق مېھنەتكە كۆپ بېرىلىپ كەتمە. چۈنكى، سەن كەسپىڭدە ديانەتتىن ئايرىلغان، خىيانەتنى دوست تۇتقانسەن. سەن بىراق كىگىز باستۇرماقچى بولۇپ يۇڭ ئېلىپ كەلسە، ئۆزۈڭ ياخشىسىنى ئىلغاپ ئېلىپ، باللىرىڭغا جەنتۇ - پىيما بېسىپ بېرىسەن. شۇڭا، سەن ديانەتتىن سۆز ئاچما. دوستۇم، بىلسەڭ كەسپلەر ئىچىدە ماڭا سوپۇن ياساش ھۈنىرى نېسىپ بولدى. ھۈنەرلەر ئىچىدە ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك ھۈنەرنى قىلدىم. مېھنەتنىڭ بارلىق كىر - قاسماقلىرىنى يۇيۇپ پاك قىلىپ جاھان ئەھلىنى خۇشال قىلدىم. سوپۇن مېھنەتنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى يىراق قىلىپ، بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. مەنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم. سوپۇن مېھنەتنىڭ ھاجىتىدىن چىققاچقا، ھۈنىرىمىز ياخشى خاسىيەتكە ئىگە بولدى. مەن ھۈنىرىم بىلەن باشقىلارنىڭ كىر - غۇبارلىرىنى تازىلايدىغان بولغاچقا، ھۈنىرىمنى پاك قىلىش ئۈچۈن دىلىمنى، نىيىتىمنى پاك تۇتتۇم. ھەممىدىن نىيەت ئەلا. شۇڭا، ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرى ماڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

سوپۇنچى كىگىزچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆزى ئىشلىگەن سوپۇن بىلەن يۇيۇپ تاشلاپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى ئاددىي كىگىزچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## كەمەرچىنىڭ بايانى

سوپۇنچى ئۆز ھۈنەر ـ كەسپىنى، ئىشلىگەن سوپۇننى ماختاشتا سوپۇن ماغزىپىدەك كۆپۈپ، نۇرغۇن گەپ ئويىنتىپ، كىگىزچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزى ئىشلىگەن سوپۇندا يۇيۇپ تاشلىغانلىقىنى بىلگەن پوتىچى ئۇستىنىڭ ھېسسىيات پىلتىسىگە ئوت تۇتىشىپ، سوپۇنچىنىڭ ئۆزىنى داڭلاپ، باشقىلارنى پەس كۆرگەن قىلىقىغا تاقەت قىلالماي قالدى. شۇڭا، ئۇ سوپۇنچىنىڭ سوپۇن ماغزاپلىرىنى غەزەپ بورىنى بىلەن ئۇچۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزى كۆرسەتكەن بۇ خىزمەت ئارقىلىق، ئۆزىنى سورۇن ئەھلىگە نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئۆز كەسپىنىڭ ياخشىلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ ئەي خۇلقى سەت سوپۇنچى، سەن نېمە كارامىتىڭ بىلەن مۇنچە ئۆزۈڭنى سوپۇنىڭنىڭ ماغزىپىدەك كۆپتۈرۈپ ـ ئاشۇرۇپ سۆزلەيسەن. ساڭا سادەك كوتا ئۇچۇشنى كىم قويدى؟ سەن قازانغا ياغ بىلەن شاخار سېلىپ، تېخى ئۇنىڭغا ھەر خىل كىرەكسىز نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىسەن. ھالالنى ھارام بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھۈنەر قىلدىڭ. ئەگەر سەن مۇشۇ كەسپىڭ، ھۈنىرىڭ بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا پەخىرلەنسەڭ، باشقا

ھۇنەرۋەن، كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئاھانەت ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ كەسپىم پوتا توقۇش، كەمەر باغلاش. بۇ كەسىپتە مېنىڭ دىلىم شاھلارغا، كاتتىلارغا باغلانغان. ئەي سوپۇنچى، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىن. مەن ئىپەك بىلەن كەمەر توقۇيمەن. مەن بۇ كەسىپتە كامالەتكە يەتتىم. ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايسەن. مەنمۇ ھېچقانداق نۇقسان سادىر قىلمايمەن. مەن توقۇغان كەمەر بىلەن شاھلار بېلىنى باغلىسا، شاھلارنىڭ ھەيۋىسى ئەرشكە يېتىدۇ. كەمەرنىڭ باھاسىغا دۇنيا يۈزىنى ئاچىدۇ. شاھلارغا خاس بۇ ھۇنەر مۇلايىملىق بىلەن پۈتۈپ، شاھلارنى مەمنۇن قىلسا، مەن غەمدىن خالاس بولىمەن.

كەمەرچى سوپۇنچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزى توقۇغان كەمەرلەرنىڭ ئارىسىغا توقۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى سوپۇنچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## ساتىراشنىڭ بايانى

كەمەرچى ئۆز ھۇنىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيەلەپ، تەرىپلەش يىپلىرىدىن مەنمەنلىك كەمىرىنى توقۇغاندا، كەمەرچىنىڭ ئىيتقانلىرى ساتىراشنىڭ دىتىغا ياقماي قالدى.

كەمەرچىنىڭ سوپۇنچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كەمەر يىپلىرىغا چىگىپ بېشىدىن ئېگىز چۆرگىلىتىپ، جاھان ئەھلىگە شايى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كەمەر توقۇغان يىپلارغا قوشۇپ توقۇپ، شاھلارنىڭ بېلىگە باغلاپ قويغانلىقىنى بىلگەن ساتىراش كەمەرچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى سورۇن ئەھلىگە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ خىزمىتى بىلەن ئۆزىنى سورۇن ئەھلىگە نامايان قىلىش، كەمەرچىنىڭ يىپلىرىنى غەزەپ ئۇستۇرىسىدا كېسىپ سۆز باشلىدى:

— ئەي باغرى تاش، سۇخەنچى كەمەرچى، بۇنچە كىبىرلىك سۆزلەرنى ئېيتمىغىن. سېنىڭ قىلىدىغان ھۈنرىڭ ئاياللارنىڭ چىچىغا چاچباغ توقۇش. چاچ باغ دېمەي، بەلكى ئىشتانباغ توقۇش. ساڭا نەسىھەت قىلاي، سۆزۈمگە قۇلاق سال. سەن تەكەببۇر مىجەز ـ خۇلقۇڭ بىلەن خوشلاشقىن. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا زەررىچىلىك ياخشى سۈپەت يوق تۇرۇپ، ئۆز كەسپىڭنى ماختاشقا ئۇيالمامسەن ؟ تېخى سەن ھۈنرىڭگە ئىشلەتكەن خىيانەتلىرىڭنى نەگە قويىسەن ؟ ماڭا ھۈنەرلەر ئىچىدە ساتىراشلىق نېسىپ بولدى. بۇ ھۈنىرىم بىلەن بېشىڭنىڭ ئازابىنى خالاس قىلىمەن. ئەگەر بۇ كەسپىمىز بولمىسا، سەن چىچىڭنى ئاياللارغا ئوخشاش ئۆرۈيسەن. ئەگەر سەن چاچ، تۈكلىرىڭگە چەك قويمىساڭ، ئۆزۈڭنى جوھۇتلار قاتارىغا قات. ئەگەر مېنىڭ كەسپىم جاھاندا يوقالسا، بېشىڭ

قۇشلارغا ئۇۋا بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ھۈنىرىم جاھاندا شاھ بولسۇن، گادای بولسۇن، باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن ھەممىسىگە ياقىدۇ. ھەممىنى مېھنەتنىڭ ئازابلىرىدىن خالاس قىلىدۇ. شۇڭا، مەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ كېلىمەن.

ساتىراش كەمەرچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆز ئۈستىرى بىلەن قىرىپ تاشلاپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى ئاددىي كەمەرچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب - نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## ئاتقۇچىنىڭ بايانى

ساتىراشنىڭ ئۆز ھۈنىرىنىڭ دۈگىتىنى تىلغا ئېلىپ، ھۆسن - جامالىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ماختاپ، پادىشاھنىڭ بەلبېغىنى ئۈستىرا بىلەن كېسىپ تاشلاپ، كەمەرچىنىڭ ئەيىب - نۇقسان جاراھىتىنى ئېغىز ئالدۇرۇپ، جاھان ئەھلى ئالدىدا چاۋىسىنى چىتقا يايغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئۆز كەسپىنىڭ دەسمايىسى ئۈستىرا بىلەن قىرىپ تاشلاپ، جاھان ئەھلىگە كۆرسەتمىگەنلىكى ئاتقۇچىنىڭ دىتىغا ياقماي ئوغسىنى قايناتتى. ئاتقۇچى ئۆزى بىلگەنلىرىنى سورۇن ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدىدا نامايان قىلىش

مەقسىتىدە ساتىراشنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تەنە مۇشتىكى بىلەن ساتىراشنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ساتىراشنى سەگىتىشكە سۆز باشلىدى:

— ئەي ساتىراش، تولا سۆزلەپ ھەددىڭدىن ئاشما. سۆزۈمنى ئاڭلاپ گەجگەڭنى قاشلا. ساڭا «پەستىنىمۇ پەس» ھۇنەر نېسىپ بولدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ساڭا بۇنداق ماختىنىپ سۆزلەش نېمە كەپتۇ ؟ ساڭا بۇقىدەك ھەر تەرەپكە قاتراپ، ئىزدەپ يۈرۈپ كىچىك باللارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ھۇنىرى نېسىپ بولدى. خەتنە قىلىش سېنىڭ پەخرىڭمۇ ؟ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا قىلچىلىكمۇ ھايا يوق ئىكەن. سۆزۈمنى ئاڭلا، مېنىڭ ئىشىم شۇنداق ئۇلۇغ. ماڭا ھۇنەرلەر ئىچىدە پاختا ئېتىش نېسىپ بولدى. مېنىڭ بىلەن جاھاندىكى گۇناھكار ئادەملەر تەقۋادار بولۇپ راۋاج تاپىدۇ. بۇۋىلەرنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا. تېخى باپكارلار ئەھلىنىڭ قىممىتى مەن بىلەن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۇنىرى مەن بىلەن راۋاج تاپىدۇ. مەن بولمىسام باپكارلار زاۋال تاپىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ھۇنىرىم ھۇنەرلەرنىڭ سەردارى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ.

ئاتقۇچى ساتىراشنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ساتىراشنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئاتقان پاختىلارغا ئوراپ، يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى ئاددىي بورىچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب،

نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## تارچى ئۇستىنىڭ بايانى

ئاتقۇچىنىڭ ئۆز كەسپى، ھۈنىرى، دۇكىنىنى ماختاپ، مەدھىيە سۆزلىرىنى تىزىپ چوڭ سۆزلەپ پاختا ئېتىشى، تار ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىنى قوزغىدى. تارچى ئۇستا ئۆز تارلىرىنى داغدۇغا بىلەن ساتارىغا سېلىپ تىل تىرنىقى بىلەن تارلارنى ناۋاغا كەلتۈرۈپ، ئاتقۇچىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئاتقۇچىنىڭ دىلىنى جاراھەت قىلىپ، ئۆز تارى بىلەن ئۆز ناۋاسىنى ياڭرىتىش ئۈچۈن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي ئاتقۇچى، سېنىڭ ئېغىزىڭ بىلەن پاختاڭنى كۆپ ئېتىپ، باشقىلار بىلەن كاتتىلىق تالىشىشقا نېمە ھەددىڭ بار؟ سەن دائىم قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە ئاياللار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ كۆپ پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ. بۇ كەسىپ بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتسە ھالىڭغا ۋاي. ئەي قىلىقى سەت، قاراڭغۇ ئۆينىڭ قولى، سەن تېخى ئاشۇ ئىشىڭ بىلەن پەخىرلىنەمسەن؟ باشقىلار بىلەن سورۇن تۆرىنى تالىشامسەن؟ مەن ساڭا ئۇچەي بىلەن نۇرغۇن تار ياساپ بەرگەچكە دۇكان قۇرۇپ ئىشىڭنى يۇرۇشتۇرۇۋاتىسەن. بىلەمسەن، سېنىڭ كەسپىڭ، ئىشىڭ مەن بىلەن بولىدۇ.

بىلسەڭ، ماڭا نازۇك كەسپلەر ئىچىدە تەڭدىشى يوق ھۈنەر تارچىلىق نېسىپ بولدى. نەغمىچىلەر مەن ياسىغان تارلار بىلەن سازلىرىنى سازلاپ، نەغمە ـ ناۋالىرىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. شاھلارنىڭ بەزمىسىنى شادلىققا چۆمدۈرىدۇ. بىزنىڭ تارلىرىمىز سېلىنغان راۋاب، ساتارلارنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ دىلى شادلىققا، مۇڭغا پاتىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ تارلىرىمىز بولمىسا پۈتۈن جاھان قايغۇغا چۆكىدۇ. سازەندىلەر دائىم سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھۈنىرىم بىلەن ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشىم كېرەك.

تارچى ئاتقۇچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، دىلىنى زېدە قىلىپ، ئۆزىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى ساتارنىڭ مۇڭى بىلەن يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى ئاددىي ئاتقۇچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

## كۆنچىنىڭ بايانى

تارچىنىڭ ئۆز كەسپىنىڭ دەسمايىسى ئۈچەيلىرىنى بېزەك بەرگۈچى قولىلىرى بىلەن تولغاپ، ئېشىپ مەنمەنلىك ساتارىغا تاج قىلىپ، ساتارنىڭ ناۋاسى بىلەن ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇپ،

ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، ئاتقۇچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاپ، سازايى قىلىپ دىلىغا ئازار بېرىش كۆنچىنىڭ زىتىغا تەگدى. شۇڭا، كۆنچى ئۆز ھۈنىرىنىڭ تېرىسىنى نۆۋەت ناغرىسىغا تارتىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، تارچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ناغرا ساداسى بىلەن ئالەمگە تارىتىشقا، ناغرىسىنى ئېگىز ناغرىخانىسىدا شادىيانىغا كەلتۈرۈپ، تارچىغا خىتاب بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەي تارچى، چىرىگەن ئۇچەيچى، ئۇزۇلگەن ئۇچەيلەرنى ئۇلاپ تار ياساپ، ئۆز ھۈنىرىڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تارىڭدەك تاراڭشىپ كۆپ كۆچمە. ئۇزۇلۇپ كەتسە ئۇلاشقا چارە تاپالماي قالىسەن. ئۇلىساڭ تۈگۈن پەيدا بولۇپ ساتارىڭ سازلانماي قالىدۇ. سېنىڭ كەسپىڭ يەنە ئوقياغا كامان بولغاچقا، ئۆز ھۈنىرىڭنى قىلىشقا كۆپ ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى، كاماننىڭ ئوقى ئاجىزلارنىڭ، بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكىدۇ. بىگۇناھ قېنى تۆكۈلگەنلەرنىڭ يېتىم قالغان خوتۇن ـ باللىرى قان ـ ياش يىغلىشىدۇ. سازەندىلەر تارىڭ بىلەن راۋاب چېلىشىدۇ. بۇ كەسپىنى قىلساڭ، ساڭا ھارام مال ـ دۇنيادىن باشقا نېمە ياخشىلىق بار؟ سەن بۇنى ئويلىماي، ئۆز كەسپىڭنى داڭلاپ ساتارىڭنى چېلىپ ئەۋجىگە چىقاردىڭ. بىلەمسەن، سېسىق بارلىق تېرىلەرنى ھالال قىلىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ رەختىم بىلەن كىتابلار مۇقاۋىلىنىدۇ. مېنىڭ بۇ كەسپىمدە ساۋابلىق

ئىشلار كۆپ. پۈتىدا ئايىغى يوقلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىن ئاياغ كىيدۇ. ئۆتۈك كىيسە ئادەملەرنىڭ پۈتى زەخىملەنمەيدۇ. راھەت تاپىدۇ، كىشىلەر مۇشەققەتتىن قۇتۇلغاندا ماڭا تەشەككۈر ئېيتىپ دۇئا قىلىشىدۇ. مەن رەختىم بىلەن ئۇلاغلارغا مەقسەتسىز خاس توقۇم توقۇپ بەردىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلار تۈرلۈك ئازاب، زەخمەتلەردىن ساقلىنىپ قالدى. تېخى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى پۈتىغا چوماق سانچىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن رەختىمدىن ئاياغ تىكىپ كىيىشىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە تېرە ئەيلەش ھۈنىرى بىلەن مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ. بۇ ھۈنەر بولمىسا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياغسىز قالىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ھۈنىرىم ھەممىدىن كاتتا بولۇپ، مەن ھۈنەرۋەنلەر سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ كېلىمەن.

كۆنچى تارچىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئۆزى ئەيلىگەن تېرىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىماي سۆزىنى تۈگەتتى. سورۇن ئەھلى تارچىنىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى بىلىپ ھەيرەتتە قېلىشتى.

كۆنچى ئۆز كەسپىنى ماختاشقا مەدھىيە قىرىمى ۋە سۈپەت بولغارلىنى ئىشقا سېلىپ، ئىمكانىيەت بازىرىغا يېيىپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. سورۇن ئەھلى يەنە كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز

باشلار دەپ ئەتراپقا قاراشتى. سورۇندا يەنە سۆزلەشكە ئادەم قالمىغانىدى. سورۇندا سۈكۈت باشلاندى ......

ئاشۇ مۇنازىرىگە، سورۇنغا خىشچىمۇ قاتناشقانىدى. خىشچى بىر چەتتە جىممىدە ئولتۇرۇپ، سورۇندىكى ھەممە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ، كاسىپلارنىڭ مۇنازىرىسىنى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاشلىرى، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تاپا - تەنە قىلىشلىرىنى ئاڭلاپ چىقتى. خىشچى ئاڭلىغانلىرىنى ئەقىل تەپەككۇرى بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، شەرئەت تارازىسىغا سېلىپ، ئۆلچەپ ئولتۇردى. كۆنچىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سورۇن جىمىپ قالدى. خىشچى ئەتراپقا قاراپ، سورۇندىكى ھەممىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۆزلەش نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇردى. خىشچى قەلبىدىكى كىبىر، ئۆز شەخسىيىتىنى شەرئەت شەمشىرى بىلەن قىرىپ تاشلاپ، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى بىلەن نادامەت چاڭ - توزانلىرىنى قوزغاپ، تۇپراقتىن بولغان ۋۇجۇدىنى ئارىلاشتۇردى. دىل - قەلبىگە مۇھەببەت خىشىنى قويۇپ، پېقىرلىق يار بېشىدىن شەۋكەت تەختىگە يول ئالدى. خىشچى كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ تۇرۇپ كۆنچىگە سۆز باشلىدى:

— ئەي كۆنچى، سەن ئۆز كەسپىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈڭنى ئاتاپسەن. تېخى بۇ كەسپىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ قاپسەن. ئەجەل

نۆۋەتتى ساڭا يەتسە سەن قانداق قىلىسەن؟ ۋاقىت كەسىپ ئەھلىگە، ھۈنەرۋەنلەرگە تۈرلۈك بالالارنى ئېلىپ كېلىدۇ. جاھان ئەھلى بۇنداق بالالارغا مۇپتىلا بولىدۇ. ئەگەر بىر كۈنى ئەجەل نۆۋىتى كەلسە، مال ـ دۇنيالىرىڭ پەرزەنتلىرىڭگە، دوست ـ يارەنلىرىڭگە قالىدۇ. سەن گېپىمنى ئاڭلا. سەن بۇ ئىشتىن ھەقىقىي بەھرە ئالالمايسەن. ئاخىرەتكە قۇرۇق قول، تەڭقىسلىقتا بارامسەن ؟ بەس، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆز ھالىڭغا ئېچىنىپ، نادامەت چېكىپ، پىغان قىلىپ يىغلا. كۆزۈڭدىن بۇ دۇنيانىڭ ھەۋەسلىرىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى يىراق قىلساڭ، ھەق ئىش قىلساڭ دىلىڭ روشەن بولىدۇ. مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ، مېنىڭ كەسپىم خىش قۇيۇش بولغاچقا، خىش قۇيۇش ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكىپ كەسپىمدىن ماڭا بىسىيار خارلىقلار كەلدى. مەن توپا، سۇ بىلەن خىش قۇيۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئالماي، ھەققىنى يېمەي، مېھنەت تەرىم بىلەن چۆللەرنى باغ قىلدىم. ماڭا كەسپىمدە مېھنەت نېسىپ بولۇپ، پاراغەت كۆرۈش ئەجەب نېسىپ بولمىدى. ئادەم بۇ دۇنيادا مېھنەت چەكسە، مېھنەت تارتسا ئاخىرەتتە مۇقەررەر راھەت كۆرىدۇ. ئەي ھۈنەرۋەن، كەسىپ ئەھلىلىرى، ئەگەر كاللاڭلاردا زەررىچە ئەقىل بولسا گەپلىرىمنى ئۇبدان ئاڭلاڭلار، ئەقىل تەپەككۇرۇڭلار بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭلار، ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلىسە، بۇ ئالەم نېمە بولۇپ كېتىدۇ ؟

خىشچى شۇ سورۇندىكى بارلىق ھۈنەرۋەنلەرگە، كاسىپلارغا

بۇ دۇنيانىڭ كەسىپ، ئىشلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىكنىڭ مەڭگۈلۈك راھەت ۋە ئاۋاتلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بايان قىلدى. ھۈنەرۋەنلەر خىشچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ھاياجاندىن قەلبى جۇش ئۇرۇپ، كىبىر زۇننارلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنى كەمتەر، مۇلايىم تۇتۇپ، بىلمىگەنلىرىنى خىشچىدىن سوراپ بىلىش ئۈچۈن سوئال سوراشقا تەييار بولۇشتى. خىشچى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا سەمىمىيلىك بىلەن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولدى. سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىر دەك :

— ئەي دىلى پاك مۇبارەك زات، خىسلەتلىك خىشچى، سۆزۈڭ بىزنى كۆپ خىجالەتكە سالدى. مەرھەممەت قىلىپ بىزگە ئەمىر بولغىن. بۇ دۇنيادىكى كەسىپ - ھۈنەرلەرگە پىر - ئۇستاز بولغىن. بىزنىڭ ئەقلىمىز خىرە، دىلىمىز قارا ئىكەن. بىزگە ياردەم بېرىپ، بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن، — دېيىشتى.

ھەممىسى خىشچىدىن مەرپەت نۇرىنى تېپىپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاشتى. ھەممىسى جاھاندىن كېچىپ، كىبىر زۇننارىنى ئۈزۈپ، ئىزدىگەن دوستىنى تېپىپ :

— ھەي ئىست، ھەي ئىست، ئەي خىشچى، بېشىمىز قاتتى، بىزگە ياردەم قىلغىن، — دەپ ھەربىرى ئۆز ھال - ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئەدەپ بىلەن سوئال سوراشقا كىرىشتى.

## دېھقاننىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

دېھقان سورۇن ئەھلىنىڭ سوئال سوراشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئىشنى باھاردىن باشلايدىغان ئادىتى بويىچە يەنە باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۆڭلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆزىنى ئەنسىرىتىۋاتقان، ئۆزى يېشەلمەي كېلىۋاتقان ئەنسىزچىلىكنى سوئال قىلىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال:

— ئەي مۇردا دىللارغا ئابىھايات بەرگۈچى، بىز جاپا بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمىز. سازاۋەر بولىدىغىنىمىز مۇشەققەت يۇكى. بۇ كەسىپنى قىلساق ساۋاب بولامدۇ ياكى قىيامەت كۈنى بىزگە ئازاب بارمۇ ؟ — دەپ مەنىلىك سوئال سورىدى.

خىشچى دېھقاننىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، كۆڭلىدىكى سىرنى، ئەندىشىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق يولىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ، سەممىيلىك بىلەن يول كۆرسىتىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي دېھقان، جىسمىڭدىكى قوپاللىقنى يوقات، ئەدەپلىك بول. ئۇيقۇنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن بىلىپ دوست تۇتما. دائىم زىرائەتلەر ئارىسىدا ئىشلەپ، سۇبھى - شامدا شەرىئەت يولىنى ئىزدە. ھوسۇل ئالغاندا ئۆشرە ئاجرىتىپ شەرىئەت يولىدىن باش تارتما. ئەي دېھقان، سەن بىلەمسەن ؟ دېھقانچىلىقنىڭ ئۆزى

مۇسۇلمانچىلىق، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۆزى دېھقانچىلىق. ئەي دېھقان، ھەرقانچە ئازاب چەكسەڭ، ئاقىۋەتتە چەككەن ئازابىڭغا لايىق مەقسەت ـ مۇرادىڭ ھاسىل بولىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ياخشىسىنى ئۆز ۋاقتىدا يەرگە چېچىپ، كۆز ياشلىرىڭ بىلەن زىرائەتلەرنى سۇغار. ئەگەر ئىشقىڭنىڭ ھارارىتى ئۇنى پىشۇرسا، تەڭلىكتە قالغان كۈنى ئۇنى ئورىغىن. ئەي دېھقان، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ياخشى ئادا قىل. بۇ دېھقانچىلىقنى ھەسرەت بىلەن تەلەپ قىل.

دېھقان خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ، ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، قەلبىدىكى كىبىر، مەنمەنلىكنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىپ، ھەسەت، غەيۋەتخورلۇقنىڭ غازاڭلىرىغا ئوت قويۇپ، كىبىر، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىق بىلەن ئىشقا كىرىشتى.

## سودىگەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

سودىگەر خىشچىنىڭ دېھقانغا بەرگەن ئاجايىپ پاساھەتلىك، توغرا جاۋابىغا قايىل بولۇپ، كۆڭلىدىن تەكەببۇرلۇق، كىبىر، مەنمەنلىكنىڭ تۇمانلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈل كۆزى روشەنلىشىپ، ئۆز كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇۋاتقان ئىشنى بىلىپ، بۇ تۈگۈننى يېشىشكە خىشچىنىڭ تامامەن ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي پىر ـ ئۇستاز، كۆڭلۈمدە دائىم كۆپ مال ـ دۇنيانىڭ زوقى ھەم تاۋار بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىشقى ھۆكۈم سۈردۇ. تېخى ئۇنىڭغا ھەددى ـ ھېسابسىز ئۇنچە ـ مەرۋايىتنىڭ زوقى قوشۇلدۇ. خىيالىمدا دائىم كىمخابلارنى ياد ئېتىمەن. چۈشلىرىمدە مال ـ دۇنيا ئىچىدە چۆرگىلەيمەن. دىلىمغا ئۆلۈم خەۋپى كىرىپ چىقمايدۇ. قايسى ئىش بىلەن دىلىمنى ساپ قىلىمەن، توغرا يولنى قەيەردىن تاپىمەن؟

خىشچى سودىگەرنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈننى بىلىپ، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي سودىگەر، ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەن بولۇش ئۇخلاپ چۈش كۆرگەنگە ئوخشاش ئىش. ئەقىللىق ئادەم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھېرىسمەنلىكىڭ، شەيدالىقىڭ، بۇ رەسۋالىقىڭ ئۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەر تەخت ـ بەختىڭ پەرىدۇنغا ئوخشاش بولسىمۇ، قارۇنغا ئوخشاش مال ـ دۇنيا يىغساڭمۇ، ئاقىۋەتتە سەن كېتىسەن. مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ ھەممىسى قالىدۇ. شاھەنشاھلىقىڭمۇ ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ. سەن كېتىسەن. شۇڭا، مال ـ دۇنيانىڭ پىكرىنى خىيالىڭدىن چىقىرىپ تاشلاپ، تىلىڭدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىسمىنى يوقات. ئەگەر ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان ياخشى مەقسەتكە يېتىشنى كۆزلىسەڭ، ئۇنىڭ يولىنى ئىزدىسەڭ، چىن دىلىڭدىن مال ـ

دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ قالىدىغان سودىدىن يىراق تۇرغىن.
دىلىڭدىن ھەۋەسنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى چىقىرىپ تاشلىساڭ،
شۇ ھامان مەقسەتنىڭ نۇرى قەلبىڭدە جەۋلان قىلىپ چاقنايدۇ.
دىلىڭدىن مال - دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى چىقىرىپ تاشلا. ئۇنچە-
مەرۋايىتقا نەزەر سالغۇچە كۆزۈڭدىن ھەق يولىنىڭ ياشلىرىنى
باھار يامغۇرىدەك تۆككىن.

سودىگەر خىشچىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن جاۋابىدىن، ئۆزىگە
توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىگە چەكسىز خۇشال بولۇپ، چىن
دىلىدىن رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىپ، دىلىدىكى مال - دۇنياغا
بولغان ھېرىسمەنلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دىل كۆزىنى روشەن
قىلىپ، ئۆزى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشكە بەل باغلىدى.

## تۆمۈرچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

تۆمۈرچى خىشچىنىڭ سودىگەرگە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ،
خىشچىنىڭ جاۋابىغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، بۇ جاۋابنى
ئۆزى ئۈچۈن بەرگەندەك دىلى يايراپ، دىلى يورۇپ، كۆڭلىدىن
كىبىر تۇمانلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ جاۋابنى ئۆز تۇرمۇشىغا
سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى تۇمانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ،
كۆڭلىدە قالغان تۈگۈننى يېشىشكە خىشچىغا ئىشەنچ باغلاپ
مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي پاك زات، كۆڭلۈمدىكى مۇشكۇلاتتىن مېنى

قوتۇلدۇرغىن. ئەي خوش خەۋەر يەتكۈزگۈچى، ئاللا جاھاننى خالايىققا نەدىن ئاپىرىدە قىلدى؟ نېمە سەۋەبتىن روھ بەدەن ئىچىگە مۇپتىلا بولدۇ ؟ نېمە سەۋەبتىن روھ چىقىپ كېتىپ تەن قالىدۇ ؟ ئۇلۇغلۇق بىلەن ئادەمنى ئاشۇ شەكىلدە يارىتىپ يەنە ئۆلۈمنى نەدىن ياراتتى ؟

خىشچى تۆمۈرچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى توغرا يولغا باشلاپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي تۆمۈرچى، سەن يامان ئەندىشىلەرنى قىلىپ خاراب بولما. سۆزۈمنى ئاڭلا. مۇشكۇلاتىڭنى ھەل قىلايلى. بۇ جاھاندا ئادەمنى ئەڭ ئالىي ياشايدىغان جانلىق قىلىپ ياراتتى. ئاللا ئىنسانلارغا ئۆزىنى تونۇشىنى، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى ئەمر قىلدى. جاھان خەلقى ئۆز زاتىنى تونۇپ، بۇنى دىلى، تىلى بىلەن ئىسپاتلىشى كېرەك. بۇ ئىشتىن ئاسمان، زېمىن، بارلىق مەخلۇقات، جانسىز نەرسىلەر خەۋەر تاپتى. ئاڭلا، ئاللانىڭ قەھرىگە چىداش كېرەك. ئاللانىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىشكە گۇناھسىز ئادەم كېرەك. تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن دىلىڭنى مۇھەببەت بىلەن تازىلاپ، مىستەك پارقىرىتىپ، غەزەپ ئوتىنى كۆز ياشلىرىڭ بىلەن ئۆچەر. تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن دىلىڭنى مۇھەببەت بىلەن قىزىتىپ تاۋلا. قىزىپ تاۋلانسا ئەلەم بولقىسى

بىلەن سوقۇپ تۇزە. شۇنداق قىلساڭ، سەن قەلبىڭدىكى ۋەھىمىدىن قۇتۇلىسەن. توغرا يول تېپىپ، ئۆزۈڭ كۆزلىگەن ئاخىرقى مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن.

تۆمۈرچى خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا مەئىشەتلىرىگە بېرىلىپ، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئۆمرىگە زار - زار يىغلاپ، ئۆز ئەقىدىسىگە يېتىش ئۈچۈن دىلىنى ئىشق ئوتى بىلەن تاۋلاپ، ئازاب بولقىسى بىلەن سوقۇپ تۇزەشكە ئىرادە باغلىدى.

## زەرگەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

زەرگەر خىشچىنىڭ تۆمۈرچىگە بەرگەن جاۋابىغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، ئۇ جاۋابتىن ئىلھام ئېلىپ، قەلبىدىكى ھەسەت، مەنمەنلىك تۇمانلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىپ، خىشچىنى يامان يولدىن توسۇپ، ياخشى يولغا باشلىغۇچى دەپ بىلىپ، دىلىدىكى تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي پىر - ئۇستاز، بۇ مەقسەت يولىنىڭ بېشى يىراقتا، سەن ئىلگىرى مۇشۇ يولدا بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ يولنىڭ مۇساپىسىنى بىلىسەن. مۇشەققەتلىرىنى بىلىسەن. بۇ يولنىڭ مەنزىلىنى، مۇشەققەتلىرىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگىن. بۇ

ئۇلۇغ يولغا كىرىشكە تەييارلىق قىلىپ بولغانمەن. ئېيتقىنا، بۇ يولغا كىرىشنىڭ يول ئېغىزى نەدە ؟

خىشچى زەرگەرنىڭ سورىغان سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، كۆڭلىنى چۈشىنىپ، دىلىدىكى ۋەھىمە، تۇگۇنىنىڭ مەنبەسىنى بىلىپ، ئۇنى دىلىدىكى تۇگۇنىنى يېشىپ، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇش، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن سورىغان سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي زەرگەر، مەقسەت يولىنىڭ بايانىنى ئاڭلا، بۇ يولغا قەدەم قويۇپ، مۇشۇ يولنىڭ پىكرىنى قىل. بۇ يولدا مېڭىشقا ئۆزۈڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېغىشلاپ تەقدىم قىل. سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلا، مەقسەت يولىنىڭ ئارىلىقى ئىككى قەدەم بولىدۇ. بىرى، بۇ دۇنيانى هارام قىل. يەنە بىرى، ئاخىرەتنى راست دەپ بىل. جاھان ئەھلىنىڭ بەزىلىرى دۇنيا تەلەپ قىلسا، بەزىلىرى بۇ دۇنيادا رىيازەت چېكىپ، ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىشنى تىلەيدۇ. دۇنيا تەلەپ قىلغانلارغا بۇ دۇنيانى، بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەنلەرگە ئاخىرەتنى بېرىدۇ. ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، چىن دىلىڭ بىلەن مەقسەتكە يېتىمەن دەپ تىرىشساڭ مەقسەتكە يېتەلەيسەن. ئەگەر مۇشۇ نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالساڭ، خۇدانىڭ ۋەسلىدىن يىراق قالمايسەن. ئەي زەرگەر، سۆزۈمنى ئاڭلا، ئەگەر يول ئىزدىسەڭ، سەھەر تۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ، مۇھەببەتنى دىلىڭغا تېگىپ، رىيازەتنى ئامبۇردەك چىڭ تۇت. ئېغىزىڭنى كۆيدۈرگۈدەك نەپەس ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسىڭنى ئالتۇن قىلىشنى يوق قىل. خىيانەت، ساختىلىقنىڭ ئۇۋۇسىغا ئوت قويۇپ، تارازىڭنى توغرا تۇت. بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساڭ، ۋۇجۇدۇڭدىكى مىس يوقاپ، ئۆزۈڭ ئالتۇن بولالايسەن. شۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭ ئىزدىگەن يولنى تاپقان بولىسەن.

زەرگەر خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى نۇقسانلارنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزى كۆزلىگەن يولنى تېپىپ، ئىشق ئوتى بىلەن قەلبىدىكى ئالتۇننى تاۋلاپ، مىسنىڭ داشقاللىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھەقىقىي ئالتۇندەك پارقىراشقا بەل باغلىدى.

## ياغاچچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

ياغاچچى خىشچىنىڭ زەرگەرگە بەرگەن جاۋابىدىن تەسىرلىنىپ، تەربىيە ئېلىپ، ھەممىنى ئۆز ئالدىغا يىغدىغان كەكىسىنى تاشلاپ، ئېگىز ـ پەسنى تۈزەيدىغان رەندىسىنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭلىدىكى گۇناھ، كىبىرنىڭ تاختىسىنى رەندىلىدى. لېكىن، كۆڭۈل تاختىسىنىڭ تۈزلەنگەنلىكىگە، پاكلانغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي كۆڭلىدە تۈگۈن پەيدا بولدى. ياغاچچى كۆڭلىدىكى بۇ تۈگۈننى يېشەلمەي قەلبىدە ۋەھىمە پەيدا بولدى. بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى خىشچىغا باغلاپ، زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي شاپائەتچى، گۇناھنىڭ ئىس ـ تۈمانلىرى يۈزۈمنى

پاسكىنا قىلدى. ئەيش ـ ئىشرەت، يامان ئىشلار بىلەن كۆپ ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى. قىلمىشلىرىمغا زار ـ زار يىغلايمەن. سەھەرلەردە قىلمىشلىرىمغا ھەسرەت چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ، ياقا يىرتىپ يىغلىسام خۇدا گۇناھىمنى ئەپۇ قىلارمۇ؟ ياكى تىلىكىمنى رەت قىلامدۇ؟ سەن بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ بىر يول كۆرسەتسەڭ. مەن كۆڭلۈمدىكى ۋەھىمىدىن، نادامەتتىن قۇتۇلسام دەيمەن.

خىشچى ياغاچچىنىڭ سورىغان سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، كۆڭلىنى چۈشىنىپ، دىلىدىكى ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ دىلىدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتىش، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن سورىغان سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەي ياغاچچى، غەپلەت دېڭىزىغا غەرق بولساڭ، ئۆمرۈڭدە خاتا ئىشتىن قۇتۇلالمايسەن. گۇناھ يۈكىدىن قۇتۇلالماي جاپا چېكىسەن. كېچىدە مەست يۈرۈش، بەڭ تارتىش، زىنا قىلىپ پاكىز يۈرمەسلىك، شاراب ئىچىش ۋە ئوغرىلىق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئىشلار. چوڭ گۇناھنى كىچىك بىلىپ، كىچىك گۇناھنى ھەمىشە قىلىپ، ئۆمرۈڭدە ناماز ئوقۇماي، مەسچىتكە كىرىپ تەلەپ قىلماي، گۇناھ قىلىشنى ئادەت قىلىپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، ئۆمرۈڭدە كۆپ گۇناھ قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن دىنىڭنى خاراب قىلىپ ئۆتكەن بولساڭ، بۇ گۇناھلىرىڭنى تونۇپ، توۋا قىلىشقا بېلىڭنى چىڭ باغلاپ يىغلىساڭ، قىلغان گۇناھىڭغا ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرساڭ، نادامەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۇناھىڭنى تىلىسەڭ، خۇدانىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشىپ، گۇناھلىرىڭنىڭ يۈكىدىن خالاس بولىسەن. ئەي ياغاچچى، گۇناھتىن يىراق تۇرۇپ، توغرا ئىش قىلىشقا ئىشتىياق باغلاپ، كۆڭلۈڭدىكى قارىنى چوبگەز بىلەن قىرىپ تاشلاپ، رىيازەتنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتۇپ، پىقىرلىق ھەرىسىنى قولۇڭغا ئېلىپ، نەپسىڭنىڭ بېشىنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، كۆڭۈل تاختىسىنى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن رەندىلەپ، ئىچى ـ تېشىڭنى شۇ پىكىر بىلەن زىننەتلەپ، شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرسەڭ كۆڭلۈڭدىكى مەقسىتىڭنىڭ رۇخسارى جىلۋە قىلىدۇ.

ياغاچچى خىشچىنىڭ جاۋابىدىن قانائەت تېپىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى تونۇپ، قولىغا نادامەت كەكىسىنى ئېلىپ، جىسمىدىكى گۇناھنىڭ چوماقلىرىنى چېپىپ تاشلاپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىشكە ئىرادە باغلىدى.

## باپكارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

باپكار خىشچىنىڭ ياغاچچىغا بەرگەن جاۋابىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ يېشىلمەي كېلىۋاتقان، قەلبىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقان سوئالىنى خىشچىدىن سوراپ، بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە، ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يولدىن ئاداشقانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، دۇنيادا ھەممىدىن نېمە ئىش يامان ؟ ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ قانداق چارىسى بار ؟ ئېيتقىن، ھەممە ئىشتىن قايسى ئىش قاتتىق؟ جاھان ئىچىدە ئېغىزغا ھەممىدىن نېمە ئاچچىق تېتىيدۇ؟ تەشۋىش، ۋەھىمىدە قالدىم، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىدىم، سەن بۇ تەشۋىشلىرىمدىن، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرگىن.

خىشچى باپكارنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ نېمىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپ، باپكارنى بۇ تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇش، توغرا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي باپكار، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، سەن سەگەك بول ! ئەي ئەدەپسىز، ئاڭلا، ئەگەر بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى مۇشكۇل بولسا، ئۇ ئىشتىن دىلنىڭ رەنجىسە، ساڭا ئالەمنىڭ مۇشەققەتلىرى يەتكەن بولسا، بېشىڭغا مېھنەت - مۇشەققەتلەر چۈشكەن بولسا، ئاڭلا، ئاللا ساڭا غەزەپلەنگەن بولسا، بۇ ئالەمدىكى ئەڭ قاتتىق ئىش شۇ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن غەزەپ ئوتىنى يامان دەيدۇ. زۇكامدىن غەزەپنى قاتتىق دەيدۇ. لېكىن، ئادەم تەبىئىتىنى مۇلايىم قىلىپ، مىجەزىنى ئۆزگەرتسە، غەزەپكە ئىلاج قىلغىلى بولىدۇ. باشقىلار ساڭا سەت قىلىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلساڭ، غەزەپنى يۇتۇپ، ئاچچىقنى

يوقاتساڭ سەن لايغەزەل بولۇپ قالمايسەن. ئەي باپكار، سەن غەزەپكە ئۇچرىساڭ، خار - زار بولساڭمۇ غەزەپنى يۇتساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قەھرى - غەزىپىنى باسساڭ، ئازاب - ئوقۇبەتنى يوقىتىپ ياخشىلىققا ئېرىشىسەن.

باپكار خىشچىنىڭ جاۋابىدىن قەلبىدىكى ئىللەتنى، كىر، غۇبارنى چۈشەندى. ئۇ قەلبىدىكى ئىللەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىپ دىلى يورىدى. قەلبىدە يېڭى ھاياتلىقنىڭ ھەقىقەتنى بىخلاندى. ئۇ قەلبىدىكى ھەقىقەت بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ياخشىلىق لىباسلىرىنى توقۇشقا ئىرادە باغلىدى.

## ناۋاينىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

ناۋاي خىشچىنىڭ باپكارغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەھۋالىنى باپكار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈن، ۋەھىمىنى بىلدى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى خىشچىغا بايان قىلىپ، كۆڭلىدە تۈگۈن بولۇپ يېشىلمەي كېلىۋاتقان، قەلبىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقان سوئالغا خىشچىدىن جاۋاب ئېلىش، بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە، ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسەتكۈچى خىشچى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى مېنىڭ كۆڭلۈمگە كۆپ قوقاق سالدى. تېخى جان

بىرىشىنىڭ خەۋپى دىلىمدا ئېنىق. كۆڭلۈمدە بۇ ئالەمدىكى ھەممە تەشۋىشلەر بار. تەشۋىشلەرنىڭ چارىسىنى پەرۋەردىگار قىلىدۇ. ئاللا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئەلۋەتتە ئاسانچىلىق بار دەپ ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىدۇ. مەن جېنىمنىڭ قىينىلىشىنى ئويلىسام، ماڭا جان بېرىش قىيىن كېلىۋاتىدۇ. قايسى ئىشنى قىلسا ئاسان جان بەرگىلى بولىدۇ؟ قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسام روھىم ئاسان چىقىپ كېتىدۇ؟ بۇ ئىشلارنى بايان قىلىپ مېنى مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قايغۇلۇق دىلىمنى شادلىققا چۆمدۈر.

خىشچى ناۋاينىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىدە پەيدا بولغان تۈگۈن، ۋەھىمىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. شۇڭا، خىشچى ناۋاينىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىپ، قەلبىدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتىپ، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن سەمىمىلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەي ناۋاي، سېنىڭ سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي. سەن ھاياجانلانماي ئۇلتۇرۇپ سۆزلىرىمنى ياخشى ئاڭلا. سەن جان بېرىش تەشۋىشىدىن قۇتۇلۇشقا ئىلاج ئىزدىسەڭ، ياخشى مىجەزلىك، ساخاۋەتلىك بول. مال ـ دۇنياغا جان رىشتىڭ بىلەن باغلانما. ئەگەر مال ـ دۇنياغا جان رىشتىڭ بىلەن باغلانساڭ، جېنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ چىقمىقى تېخىمۇ مۇشكۇل بولىدۇ. ئەجەل لاچىنى «ھەي» دېگۈچە يېتىپ كېلىپ، جان قۇشۇڭنى ئالسا، جېنىڭ چىقىپ كېتىدۇ. جان رىشتىڭ

مال – دۇنيا، ئەسۋابلىرىڭغا باغلانسا ئۇنى ئۈزۈشكە مادار كېتىدۇ. مال – مۈلكۈڭ قانچە كۆپ بولسا، جېنىڭنىڭ چىقىشى شۇنچە مۈشكۈل بولىدۇ. ئەگەر جان بېرىشتە قىينالماي دېسەڭ، بۇ ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلغىن. مال – دۇنياغا جان رىشتىنى باغلىما. مال – دۇنياغا كۆپ ھېرىسمەن بولۇپ جېنىڭنى داغلىما. مال – دۇنيادىن كۆڭۈل رىشتىڭنى ئۈزۈپ، ياخشى ھۈنەر قىل. ھەر ئىشنى قىلغاندا جان بېرىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى ئەندىشە قىل. كەسىپنى توغرا قىلسا، جان بېرىش ۋاقتىدا ياخشىلىق كۆرىدۇ. ئەي ناۋاي، دىلىڭدىكى ئىشق ئوتۇڭ بىلەن تونۇرنى قىزىتىپ، ئىشق ئوتىدىن ئۆرتىنىپ، كۆز يېشىڭنى شەربەت ئورنىدا چېچىپ، ئۇنىڭغا داغلاردىن توقاچ ياققىن. شۇنداق قىلساڭ بۇ كەسىپكە دۇنيا ئەھلى خېرىدار بولۇپ قالماي، جاھان ئەھلى ئاخىرەتتىمۇ خېرىدار بولىدۇ.

ناۋاي خىشچىنىڭ جاۋابىدىن قەلبىدىكى تۈگۈن، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنى بىلدى. ئۇ قەلبىدىكى ئىللەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىپ دىلى يورىدى. قەلبىدە يېڭى ھاياتلىق ئۈچۈن بىر يول ئېچىلدى. ئۇ خىشچى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەقىقەت بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ياخشىلىق، ساخاۋەت بىلەن ئىككى دۇنيا خەلقى خېرىدار بولىدىغان نان يېقىشقا ئىرادە باغلىدى.

## قازانچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ ناۋايغا بەرگەن جاۋابى قازانچىنىڭ تەشۋىشىنى

قوزغىدى. ئۇ ناۋاي بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى سىلىشتۇرۇپ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە كۆچەيدى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى خىشچىغا بايان قىلىپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى يېشىش، قەلبىدىكى ۋەھىمىنىڭ قانداق يوقايدىغانلىقىغا خىشچىدىن جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي پىر - ئۇستاز، دىلىمدىكى غەمنى مەندىن يىراق قىلغىن. جاھاندا ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى ئالدىن مەلۇم بولامدۇ؟ تەقۋادار ئادەملەر پاك بولامدۇ؟ ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ نىشانى نېمە؟ بەختلىك ئادەمنىڭ نۇرى ئاشكارا بولامدۇ؟ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەقۋادار ئادەم قايسى؟ بۇلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ، مېنى قەلبىمدىكى تەشۋىشتىن قۇتۇلدۇر.

خىشچى قازانچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنى بىلدى. شۇڭا، خىشچى قازانچىنىڭ كۆڭلىدىكى كىرنى يۇيۇپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، غەم - قايغۇنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي قازانچى، جاھاندىكى غەپلەتلىك ماكاندا ياشىغۇچى، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا. سېنىڭ بۇ مۇشكۇل سوئالىڭنى ئېنىق چۈشەندۈرەي. ئەي قازانچى، سەن ئېيتقاندەك جاھاندا بەختلىك، بەختسىز ئادەملەر بار. بىرى يارغا يېقىن، بىرى يارغا يىراق. بۇ ئىككىسى بەختلىك بىلەن بەختسىزلىكنىڭ نىشانىسى، بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى

ئىبادەت قىلسا، بىرى بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. بۇزۇقچىلىق قىلىش بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى. ئىبادەتكە مايىل كەلگەن ئادەملەرنى بەختلىك دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇغەمبەر ئادەملەرنى ئۈمىدسىز ئادەملەر دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ مىسال ئېيتىپ بېرەي. بۇ سۆزۈمگە ئىشەن. گۇمان قىلما. سەن ئەسكى تامغا قارىساڭ، ئۇ ئەسكى تام يەر تەرەپكە قىڭغايغان بولسا، قىياس قىلىپ باققىن، تام قايسى تەرەپكە ئۆرۈلىدۇ. ئەسكى تام مۇقەررەر قىيسايغان تەرەپكە ئۆرۈلىدۇ؟ شۇڭا، ئادەم ئىبادەتكە مايىل بولسا، ئاخىر ئىبادەت سارىيىغا بارالايدۇ. ئەگەر كىمكى بۇزۇقچىلىق قىلىشقا كۆچ چىقارسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى بەختسىزلىك بولىدۇ. قازانچى، بەختسىزلىكتىن پاناھ تىلىمەكچى بولساڭ، دىلىڭنى ئۆز يۈزىڭدەك قارا قىلما. چويۈندەك قاتقان دىلىڭنى چىدام - غەيرەت بىلەن ئېرىتىپ سۇدەك يۇمشاق قىل، رىيازەت چېكىپ گويا سىمابتەك قىل. ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولىدۇ.

قازانچى خىشچىنىڭ جاۋابىدىن قەلبىدىكى تۈگۈن، ۋەھىمىنىڭ نېمىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلدى. خىشچىنىڭ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەرگەن جاۋابىغا چىن دىلىدىن قايىل بولدى. خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆزىنىڭ قازىنىدەك قارىداپ كەتكەن دىلىنى ئاقارتىشنىڭ چارىسىنى، كېلەچەك بەختىنىڭ يولىنى بىلىپ، ئۆز بەختىنى تېپىش ئۈچۈن چىن ئىخلاس بىلەن بۇ يولدا مېڭىشقا بەل باغلىدى.

## جوۋچى، تىككۈچىلەرنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ قازانچىغا بەرگەن جاۋابى جوۋچىنى كۆپ ئويلاندۇردى. قازانچى بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىدىكى تەشۋىش، چىگىش ئوي - پىكىرلەردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. لېكىن، ئۆزى بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدى. شۇڭا، جوۋچى بۇ جاھاندا ئۆزىگە چىگىش بىلىنگەن، تېگىگە يېتەلمىگەن سوئالنى خىشچىدىن سوراپ، جاۋابقا ئېرىشىپ، كۆڭلىدىكى تۇگۇندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىشچىدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىدى:

— ئەي پىر - ئۇستاز، يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، بۇ ئالەمدە دوستلارنىڭ ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بار. ئالەمدىكى خار - زارلىق نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ جاھاندىكى دىنسىزلار دۈشمەن ئىدى. نېمىشقا ئۇلارغا بۇ دۇنيا جەننەت بولدى؟ نېمىشقا دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ دۇنيادا ئەيش - ئىشرەت سۈرىدۇ؟ دىن ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلار نېمە سەۋەبتىن خار - زار بولىدۇ؟ ئاللا بۇ جاھاندا دۈشمەنگە نېمىشقا ئەيش - ئىشرەت ئاتا قىلىدۇ؟ دوستلار نېمىشقا مېھنەت ئىچىدە كېتىدۇ؟

خىشچى جوۋچىنىڭ بۇ مۇرەككەپ سوئالىنى ئاڭلاپ ئويلاندى. تەپەككۇر ئىچىدە جوۋچىنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە

قىلدى. جۇۋچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆڭلىگە مەلھەم سۇرتۇپ، ئۇنى چىگىش ئوي ـ پىكىر قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەي مۇخلىس دوستۇم، بۇ جاھان دىنسىزلارغا جەننەت بولدى. ئۇلارغا بۇ جاھاننىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ راھىتىنى ئاتا قىلدى. جاھان ئاخىرەت بىلەن شاد ـ خۇرام بولىدۇ. جاھان ئەھلىگە ئاخىرەت زىندان بولىدۇ. كىشىلەر بۇ جاھاندا راھەت كۆرسە، ئاخىرەتتە مېھنەت چېكىدۇ. كىشىلەر بۇ ئالەمدە جاپا چەكسە، ئاخىرەتتە تەڭرى مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ باقىي، مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى بىل. لېكىن، ئاخىرەت بېرىپ كېلىدىغان پاناھ جاي ئەمەس. دىنسىزلار بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادا لەززەت كۆرىدۇ. لېكىن، ئاخىرەتتە چەكسىز ئازاب چېكىدۇ. ئازابنىڭ پايانى يوق، چەكسىز بولىدۇ. ئاخىرەتنىڭ ۋەسلىنى ئىزدىگەن دوستلار، بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدە جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ. سۇبھى ـ شاملاردا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىغان دوستلار ئاقىۋەتتە خۇشاللىق شارابىغا ئىگە بولىدۇ. ئەي جۇۋچى، نەپسىڭگە يۈگەن سېلىپ، ۋۇجۇدۇڭنى ئازاب ـ ئۇقۇبەت بىلەن تۇپراق قىل. كۆڭۈل جامىنىڭ لەززىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئىشلىگىن. ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئورغىقىدا قاشلاپ پەرۋىش قىلغىن.

جۇۋچى خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۆز كۆڭلىدىكى

تەشۋىشىنىڭ يىلتىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا، خىشچىنىڭ جاۋابىغا قايىل بولۇپ، بۇ تەشۋىش، چىگىش ئوي - پىكىردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلىپ، تەشۋىشىنىڭ يىلتىزىغا ئۈمىد پالتىسىنى ئۇردى. ئۇ خىشچى كۆرسەتكەن توغرا يول بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتىشكە ئىرادە باغلاپ بېلىنى چىڭ باغلىدى.

## تامچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

تامچى خىشچىنىڭ جۇۋىچىغا بەرگەن جاۋابىدىن ھاياجانلىنىپ، تاقەت قىلىپ تۇرالماي، داد دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىشكە ئۆزى ئاجىز كېلىپ، بۇ تۈگۈننى يېشىشكە خىشچىدىن ياردەم كۈتۈپ بۇ سوئالنى سورىدى:

— ئەي خىشچى، سۆزۈڭگە جېنىم پىدا بولسۇن. سەن مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلىپ سوئالىمغا بەرگىن جاۋاب. يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنىڭ ئاساسى نېمە؟ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئاسماندا چاقماقنىڭ تېز چېقىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ماڭا كۆڭۈل ئارامى بەرسەڭ بولامدۇ؟

خىشچى تامچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ،

كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنى بىلدى. شۇڭا، خىشچى تامچىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىپ، تەشۋىشنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي تامچى، ئۆمرۈڭ ئىنتايىن جەبىر - جاپا بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئەي ناتىۋان، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، قۇلىقىڭ بىلەن، دىلىڭ بىلەن ئوبدان ئاڭلا. ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىدىن ئېگىز تۇرۇشى، ئۇنىڭ يارىلىشى شۇنداق. ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈشى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. شەيتانغا يۇلتۇزنى كۆزەتتى. تېخى يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ زىننىتى بولدى. شەيتان ئاسماندا ھەرىكەت قىلسا، پەلەكتىن يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ئېتىلىدۇ. پەلەك بېغىنغا ئۇنى چېقىلغىلى، كىرگىلى قويمايدۇ. پەرىشتىلەر سېپىگە ئۇنى قوشمايدۇ. ئەي تامچى، پاك دىلنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىل. بۇ دىلىڭدىن ساڭا ھېچقانداق بەھرە يەتمەيدۇ. دىلىڭنىڭ گۈمبىزىنى ئېگىز قىلىپ سال. شەيتان دىلىڭغا كىرىپ خىيانەت بازىرى قۇرمىسۇن.

تامچى خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ يەتتى. خىشچىنىڭ ياردىمى بىلەن خاتالىقىنىڭ مەنبەسىنى، خاتالىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ يولىنى بىلىپ دىلى يورىدى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ، غەپلەتتىن قۇتۇلۇپ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بەل باغلىدى.

## مىسكەرچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ تامچىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان مىسكەرچىنىڭ ھاياجاندىن دىلى لەرزىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تامچىنىڭ ئەۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، كۆڭلىدىن نۇرغۇن تەشۋىش، ۋەھىمىلەرنى چىقىرىپ تاشلىغان بولسىمۇ كۆڭلىدە يەنىلا تەشۋىش، ۋەھىمە تۈگىمىدى. مىسكەرچى كۆڭلىدە قالغان تەشۋىش، ۋەھىمىلەرگە جاۋاب تېپىشقا، ئۇلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى. ئۇ خىشچىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي توغرا يول كۆرسەتكۈچى سەردار، ئادەم ئۆلسە، ئۆلۈكنى گۆرگە دەپنە قىلسا، گۆردە ئۆلۈككە ئازاب قىلسا، ئۇنىڭ ئازابلانغانلىقىنى بارلىق ھايۋانلار ھەقىقىي ئاڭلايدىكەن. لېكىن، نېمىشقا ئىنس ـ جىنلارغا بىلدۈرمەيدۇ؟ قەبرە ئىچىدىكى گۇناھكارنى ئازابلىغان ئۇ ئازاب نېمە ئۈچۈن بىزگە مەلۇم بولمايدۇ؟

خىشچى مىسكەرنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ گۇمانخور ئىكەنلىكىنى بىلدى. مىسكەرنى دىلىدىكى گۇمانخورلۇق قىيناپ، ۋەھىمىگە سېلىپ، نادامەتتە قويغانلىقىنى چۈشەندى. خىشچى مىسكەرنى بۇ ۋەھىمە، نادامەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يولغا

يېتەكلەش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

— ئەي گۇمانخور، سوئالىڭغا جاۋاپ بېرەي، بۇ سوئاللىرىڭغا جاۋاب ئىزدەپ سەرگەردان بولۇپ يۈرمە. گۇناھكارلارنىڭ قەبرە ئىچىدە ئازابقا دۇچار بولىدىغىنى ھەقىقەت. قەبرە ئىچىدە گۇناھكارلارغا ئازاب سالىدۇ. زۇلۇم سالغۇچىلارغا غەزەپ ئاتا قىلىدۇ. گۆردە گۇناھكارنى ئىككى پەرىشتە ئازابلايدۇ. ئۇنى ئىنسى ـ جىندىن باشقا ھەممە ئاڭلايدۇ. بۇ ئازابنى ئىنسانغا ئاشكارا قىلمىدى. لېكىن، قەبرە ئىچىدە ھەر خىل ئازاب بار. قەبرىدىكى ئازابنى قۇدرەت بىلەن ئاڭلاتمىدى. جاھاننى غەپلەت بىلەن بىنا قىلدى. ئەگەر گۆر ئازابىنى ئادەمگە ئاڭلاتسا، ئادەم جاھاندىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلمايدۇ. قەبرە ئىچىدىكى غەزەپتىن زەررە ئاڭلانسا، ئالەم بىناسى خاراب بولۇپ كېتىدۇ. ئەي مىسكەر، دىلىڭنى ساماۋار قىلىپ، ئۇنى ئىشق ئوتۇڭ بىلەن قاينات. جاپا ـ مۇشەققەت شاخارى بىلەن دىلىڭنى سۈرتۈپ، گۇناھنىڭ دۇتلىرى قىلغان قارىنى چىقىرىپ تاشلا. ئەلەمنىڭ قەلەيلىرىدىن ساپا ياساپ، ئەينەكتەك سۈزۈك چىراي ئىزدىسەڭ مەقسەتكە يېتىسەن.

مىسكەر خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونىدى. خىشچىنىڭ جاۋابىغا قايىل بولۇپ، نىيەت ـ ئىقبالىنى توغرىلاپ، ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشكە بەل باغلىدى.

## مۇزدۇزنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

مۇزدۇز خىشچىنىڭ مىسكەرگە بەرگەن جاۋابىدىن تەسىرلىنىپ، مىسكەر بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، قەلبى ئۆرتىنىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، كۆڭلىدە تۇغۇن بولۇپ يېشىلمەي كېلىۋاتقان، قەلبىدە تەشۋىش پەيدا قىلىۋاتقان سوئالنى خىشچىدىن سورىدى:

— ئەي ئاشىق ئەھلىنىڭ باغرىنى سۆز دۇردانىلىرى، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇغۇچى. مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ دىلىمدىكى تەشۋىشنى پاك قىلغىن. نېمە ئۈچۈن زېمىن تىترەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جاھان ئۆيى تەۋرەيدۇ ؟ ئەگەر بۇ زېمىننىڭ بىر دىيارى تەۋرىسە، باشقا دىيارلار خەۋەردار بولىدىكەن. سېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ بۇنى بايان قىلىپ دىلىمنى شەكتىن يىراق قىلغىن.

خىشچى مۇزدۇزنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىدىكى تەشۋىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. مۇزدۇزنىڭ كۆڭۈل نۇرىنىڭ روشەن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەمىمىي جاۋاب بەردى:

— ئەي مۇزدۇز، دىلىڭ نۇرى روشەن ئەمەس، تۇتۇق ئىكەن. زېمىننىڭ تەۋرىشى ھەققىدە سوئال سوراپ، بۇ ئىشتىن ماڭا ئۆز

ئەھۋالىنى ئاشكارا قىلدىڭ. ئەي موزدۇز، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، سۆزۈمنى ئاڭلا. سۆزۈم بىلەن دىمىغىڭغا گۈلاپ يەتكۈزەي. ھېكمەت ئەھلى ماگما پارتلاش سەۋەبىدىن زېمىن تەۋرەيدۇ، دەيدۇ. ھېكمەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە ئىسپات بولمىغاچقا، مەن بۇ سۆزنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن. زېمىننىڭ تەۋرىشىنىڭ سەۋەبىگە جاۋابىم شۇكى، زېمىننىڭ ھەرقانداق يېرىگە تارتىلغان تانا بار. زېمىننىڭ چېتىدە كوھىقاپ بار. دىلىڭنى پاك قىلساڭ ئۇنى كۆرەلەيسەن. زېمىننىڭ تاناپى ئۇنىڭغا باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە قارايدۇ. ئەگەر قايسى تەرەپنى تەۋرەتمەكچى بولسا، پەرىشتىگە ئەمر قىلىدۇ. پەرىشتە قايسى تاناپنى چەكسە، ئۇنىڭ تەسىرىدە شۇ زېمىن تىترەيدۇ.

خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ موزدۇزنىڭ دىلى يورىدى. كۆڭلىدىن تەشۋىش كۆتۈرۈلۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. موزدۇز ئۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خىشچى كۆرسەتكەن يولدا قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ، ئىرادە كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلىدى.

## زىلچىچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

زىلچىچى خىشچىنىڭ موزدۇزغا بەرگەن جاۋابىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك

تۆكۈپ تۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە ئويلاندى. ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى مىزدۇز بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ئەندىشە، ۋەھىملەرنى چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغان بولسىمۇ يەنىلا چىقىرىۋېتەلمىدى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بىلەلمەي، بۇ ھەقتە خىشچىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يامان يولغا كىرىپ قالغانلارنى ياخشى يولغا باشلىغۇچى، مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشنى قوغلاپ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامىغا ياردەم بەرسەڭ بولامدۇ؟ ئىبادەتلەر ئىچىدە قايسى ئىبادەتنى قىلسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟ قايسى ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانسا ئاللا قوبۇل قىلىدۇ؟ ئىبادەتنىڭ ئىچىدە قايسىسى ياخشى؟ قايسىسى يامان ئىشلاردىن تۇرۇشقا پايدا قىلىدۇ؟ قايسى ئىبادەتنى ئاللا قوبۇل قىلىدۇ؟

خىشچى زىلچىچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. زىلچىچىنىڭ نادانلىقتىن نادامەت يولىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقان بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى نادامەت يولىدىن قايتۇرۇش، بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش، كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىملەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— ئەي زىلچىچى، سەن نادامەت يولىدىكى بىچارە ئىكەنسەن، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن. قۇلاق بىلەن ئەمەس، دىلىڭ بىلەن ئاڭلىغىن. بۇ جاۋابىمنى قېرى -

ياشلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن. خۇدا يولىدا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشنىڭ ئەۋزىلى بار بولىدۇ. ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ئۇسۇلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. ئەگەر ئىبادەتنىڭ ئۇسۇلىنى ئىزدىسەڭ، ھەقىقەت دىيارىغا يېتىمەن دېسەڭ، ھارامدىن، خىيانەتتىن يىراق تۇر. ھالال يېگىن، ساخاۋەتلىك بول. ھۈنەرۋەننىڭ ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى مۇشۇ بولىدۇ.

زىلچى خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئالغان ئاجىزلىقنىڭ مەنبەسىنى بىلدى. ئۇ خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىق ئۇستىدىن غالىب كېلىشنىڭ يولىنى بىلدى. زىلچى خىشچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى مۇقەررەر چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەقسىتىگە يېتىشكە مەھكەم بەل باغلىدى.

## بۆزچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

بۆزچى خىشچىنىڭ زىلچىگە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، زىلچى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز ھالىنىڭ زىلچىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىدە بىرمۇنچە تەشۋىشلەر پەيدا بولدى. بۆزچى كۆڭلىدە پەيدا بولغان

ئەشۇئىشلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئەقلى بىلەن كۆڭۈل تۆرىدىن سۈپۈرۈپ چىقارسا، بىر قىسمىغا جاۋاب تېپىشقا قۇربى يەتمەي، دىلىدا ۋەھىمە پەيدا قىلدى. بۆزچى كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا قىلغان تۈگۈنلەرنى يېشىش ئۈچۈن خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، ئاسماننىڭ قەھرىدە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بار. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆپ كۆرۈنسە يامانلىق دەيدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ يامانلىقنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ، دېيىشىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى زامان ئاخىرىنىڭ سەردارى دەيدۇ. بۇ سۆز راستمۇ ياكى يالغانمۇ ؟ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ياكى ئاسماننى زىننەتلەمدۇ ؟

خىشچى بۆزچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ نادانلىقتا، غەپلەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىندى. ئۇنىڭ سوئالىغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى توغرا تاپتى. ئۇنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سورىغان سوئالىغا سەمىمىي جاۋاب بەردى:

— ئەي بۆزچى، سەن جاھاندىكى ئەڭ غەپلەتلىك يەرگە يوشۇرۇنۇپ ياشاۋېتىپسەن، سەن تولىمۇ بىچارە ئىكەنسەن. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆپ كۆرۈنسە، ئۇنى خالايىق يامانلىق يۇلتۇزى دېسە، ئەي غولام، خالايىقنىڭ سۆزىنى ھەرگىز ئاڭلىما. جاھالەت زاماندا مۇشۇنداق سۆزلەر بولغانىدى. مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام بۇ ئالەمگە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىدە گۇمان قالماي ئاشكارا بولدى. ئەي بۆزچى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئوچۇق كۆرۈنسە، ئۇنى يامانلىق دەپ بىلمە. بۇ ۋەھىمىنى كۆڭلۈڭدىن كۆتۈرۈۋەت. بۇنداق ۋەھىمىنى يېگۈچە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن يىراق قاچ. ئىشلىرىڭنى پاك قىل، كۆز ياشلىرىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاق قىل.

بۆزچى خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆز جىسمىدىكى ئاجىزلىقنى بىلدى. بۆزچى خىشچىنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتتى. خىشچىنىڭ جاۋابى بۆزچىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۈننى يېشىپ، غەشلىك تارقاپ يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ خىشچىدىن رازى بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن غەيرەت بىلەن بېلىنى باغلىدى.

## باسمىچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ بۆزچىگە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ باسمىچىنىڭ قەلبى ھاياجانلاندى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئۆزى بىلەن بۆزچىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ بۆزچىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى. نادانلىقىغا ئېچىندى. كۆڭلىدە ئۆزى يېشەلمەي كېلىۋاتقان نۇرغۇن سوئاللارنىڭ بارلىقىنى، بۇ سوئاللارغا ئۆزىنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزىدىن

ئۆكۈندى. ئۇ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى خىشچىغا يەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يولدىن ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى، خالايىق ئارىسىدا قانداقلار ئاقىل بولىدۇ؟ قانداقلار جاھىل بولىدۇ؟ ئالەمدىكى نادانلار قايسى؟ جامائەت ئارىسىدىكى ئەقلى يوقلار قايسى؟ بۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشلەرنى ھەممەت شاملى بىلەن ئۇچۇرۇپ تاشلىغىن، مېنى شاپائەت يولىغا باشلىغىن. بۇ شاپائىتىڭ بىلەن مېنى ئازابتىن خالاس قىلساڭ بولامدۇ؟

خىشچى باسمىچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ نادان، جاھىللىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ غەپلەت ئىلكىدە نادانلىق، جاھىللىق بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنى غەپلەت ئىچىدىن تارتىپ چىقىمىسا، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، باسمىچىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى غەپلەت ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىل، چۈشىنىشلىك جاۋاب بەردى:

— ئەي باسمىچى، سەن تولىمۇ نادان ئىكەنسەن. غەپلەت ئىچىدە ياشاۋېتىپسەن. سۆزۈمنى قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا. قۇلىقىڭ بىلەن ئەمەس، دىلىڭ بىلەن ئاڭلا. سەن سورىغان نادان كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئادەملەر ئىچىدە ئەيش - ئىشرەت، بەزمە - ناۋا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار بار. شۇنداقلار سەن ئىزدىگەن نادانلارغا كىرىدۇ. ئەگەر خالايىق ئارىسىدىن

ئاقىللارنى ئىزدىسەڭ، بۇ ئالەمدىكى نادانلارنى بىلگۈم بار دېسەڭ، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، ئوبدان ئاڭلا. جاۋابىمدىن دىلىڭنىڭ جاراھىتى شىپا تاپسۇن. ھەرقانداق ئادەم ھەر دائىم دىلىدا ئۆلۈمنى ياد ئەتسە، ئۆلۈمنىڭ خىيالى بىلەن كۆڭلى خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولسا، ھەمىشە ئۆلۈم خەۋپىدىن نالە قىلسا، شۇنداق ئادەملەرنى بۇ ئالەمدىكى ئاقىل ئادەملەر دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. ئۇنداقلارنى دىلىدا دەرد بار دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. ئەي باسمىچى، ھەرقاچان دىلىڭدا ئۆلۈمنى ئويلا. خىيالىڭدىكى مال ـ دۇنيايىڭنى بەرباد قىل. ھەرقاچان خۇدانى ياد ئېتىپ راست سۆزلە. خىيانەت، يالغانچىلىقتىن يىراق تۇر. ھەرقاچان ھىممەت، ساخاۋەتنى دوست تۇتۇپ، خۇدانى ياد ئېتىش بىلەن كۆڭلۈڭنى زىننەتلىسەڭ، ئۆزۈڭ ئېرىشمەكچى بولغان ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىسەن.

باسمىچى خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپ كەتتى. دىلىدىكى ۋەھىمىلەر كۆتۈرۈلۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم بولۇپ، خىشچىغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بەل باغلىدى.

## بوياقچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ باسمىچىغا بەرگەن جاۋابى بوياقچىنىڭ ئىلھام

پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇردى. بوياقچى ئەلەم بىلەن ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندى. ئۇ خىشچىنىڭ جاۋابىغا ئۆز تەقدىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باشمىچىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ ھال ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ قەلبىدە ئۇزۇندىن تۇگۈن بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزى جاۋاب تاپالماي كېلىۋاتقان سوئاللارنى ئاشكارىلىدى. بوياقچى بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىشلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن خىشچىدىن ئۆتۈنۈش بىلەن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدىكى توغرا يولغا باشلىغۇچى، كىشىلەر ئۇخلىغاندا ھەر خىل، ھەرقانداق چۈشنى كۆرىدۇ. چۈشىدە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى كۆرىدۇ. مەن چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەم، چۈشۈمدە پەيغەمبەر بىر ئىشنى بۇيرۇسا، چۈشۈمدە ھەرقانداق ئىشنى قىلغىن دېسە، مەن بۇ ئىشنى قىلىمەنمۇ ياكى قىلمايمەن؟ چۈشۈم ھەقمۇ ياكى شەيتاننىڭ ئىشىمۇ، جاۋاب بەرسەڭ بولامدۇ؟

خىشچى بوياقچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندى. بوياقچىنىڭ نادان، ئەخمىقانە خىياللارغا بېرىلىپ ياشايدىغانلىقىنى، دىلىنىڭ پاك ئەمەسلىكىنى بىلدى. بوياقچىنىڭ نادان، ئەخمىقانە خىياللىرى دىلىغا ۋەسۋەسە سېلىپ ئارام بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا، خىشچى بوياقچىنىڭ دىلىدىكى ۋەسۋەسىنى يوقىتىپ، كۆڭلىگە ئارام بېرىپ، توغرا

يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇ سورىغان سوئالىغا سەمىمىي جاۋاب بەردى:

— ئەي سوئال سورىغۇچى نادان، كۆپ ھودۇقۇپ كەتمە. جىم ئولتۇرۇپ سۆزۈمنى ئاڭلا، سوئالىڭغا جاۋاب بېرىمەن. ساڭا ھەممىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرەي. بىرەر سۆزمۇ كەم قالمىسۇن. چۈشۈڭدە پەيغەمبەرنى كۆرسەڭ، چۈشۈڭدە پەيغەمبەر بىر ئىش قىلىشنى بۇيرۇسا، چۈشۈڭدە ساڭا ھەر ئىشنى قىل دېسە، بۇ چۈشنى كۆرۈشۈڭ ئاللانىڭ رەھمىدۇ ياكى بۇ چۈشتىكى شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. چېھرىدىن نۇر چاقناش پەيغەمبەرگە خاس سۈپەت، شەيتانمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆيىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بولسا شەيتان ئۆزىنى پەيغەمبەرنىڭ شەكلىگە كىرگۈزەلمەيدۇ. بۇ چۈشتىن دىلىڭغا شەك چۈشۈپ، ۋەھىمىدە قالساڭ، قولۇڭغا شەرىئەت چىرىغىنى ئېلىپ ۋەھىمىنى قوغلىساڭ بولىدۇ. ئەي بوياقچى، چۈشنىڭ ئېتىبارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسەڭ، دىلىڭ ئەينىكىگە ھېچ يەردىن چاڭ - توزان، كىر قونالمايدۇ. دىلىڭ خۇمدانىدا ھەر تۈرلۈك خىياللار بار. ھەر خىيالىڭنىڭ ئاخىرى مال - دۇنياغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، خىيالىڭ بىلەن جاپالىق جەڭ قىلىپ، تۈرلۈك خىياللىرىڭنى بىر ھەق خىيالغا ھەقىقىي بويسۇندۇرساڭ، سېنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئۇنداق چۈشلەرنى كۆرمەيسەن.

خىشچىنىڭ جاۋابىدىن بوياقچى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. خىشچى كۆرسەتكەن توغرا يول بوياقچىنىڭ دىلىنى يورۇتتى.

بوياقچى ئۆز تەقدىرىدىكى نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، دىلىدىكى تەشۋىشنى يوقاتتى. ئۇ خىشچىنىڭ ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىگە كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، خىشچى كۆرسەتكەن بىلەن ئاخىرقى نىشانىغا يېتىشكە بەل باغلىدى.

## ئېگەر ـ توقۇمچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ بوياقچىغا بەرگەن جاۋابى ئېگەر ـ توقۇمچىنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى بوياقچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەقدىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ هال ئېگەر ـ توقۇمچىغا ئەلەم قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئەلەم بىلەن ئويلاندى. ئۇ قەلبىنى ئۆرتەپ، قەلبىدە ئۇزۇندىن تۇگۇن بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزى جاۋاب تاپالماي كېلىۋاتقان سوئاللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئېگەر ـ توقۇمچى بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىشلەرنى يوقىتىپ توغرا يول تېپىش ئۈچۈن خىشچىدىن ئۆتۈنۈش بىلەن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي يولدىن ئازغانلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچى پىر ـ ئۇستاز، شەيتان مېنى ئويۇندىن بەتەر قىلدى. مېنى ئۆز

ھۇزۇرۇمدا ئۆز مەيلىمچە ئارام ئالغىلى قويمىدى. بىر دەمدە كۆڭلۈمگە يۈز مىڭ خىياللارنى سالىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالىم بولمايدۇ. قايسى ئىشنى قىلسام بۇنىڭدىن قۇتۇلىمەن؟ ئۆزۈم قاچان تەڭرىنىڭ يادىغا يېتىمەن ؟

خىشچى ئېگەر ـ توقۇمچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. ئۇنىڭ نادانلارچە ئەخمىقانە خىياللارغا بېرىلىپ ياشاۋاتقانلىقىغا ئىچىندى. ئۇنى قىيناۋاتقان ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئۇنى ئەخمىقانە قۇرۇق خىياللاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، دىلىدىكى ۋەھىمىنى يوقىتىپ توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي نادانلىق جامىدا مەي ئىچكەن ئەخمەق. سەن ئۆز نەپسىڭنىڭ قۇلى بوپسەن. سەن نەپسىڭنىڭ قۇلى بولغاچقا ھەقىقەت يولىنى تاپالماپسەن. كىم نەپسىنىڭ قۇلى بولسا ساڭا ئوخشاش ھەقىقەت يولىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا، شەيتان دىلىڭغا ھەر خىل خىياللارنى ساپتۇ. خىيالىڭ ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرۇپتۇ. سەن نەپسىڭنىڭ يامانلىقىدىن، نەپسىڭنىڭ زۇلمىنى تارتىۋېتىپسەن. سەن نەپسىڭنىڭ زۇلمى سەۋەبىدىن ئاخىرەتنى ئونتۇپ كېتىپسەن. ئەگەر سەن ئاقىل بولۇپ، بۇ ئەخمىقانە خىياللارنى تاشلاپ، ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپساڭ، زاۋاللىققا ئۇچرىمايسەن. مۇشۇ ھالەتتە نەپسىڭگە يار بوپسەن. شەيتان كۆڭلۈڭگە چاڭ ـ توزان سېلىپتۇ. ھەق يولىدىن ئاخىرەتنى

ئىزدىسەڭ، نەپسىڭنى يىغىپ خاھىشىڭنى ئاخىرلاشتۇر. ئۆزۈڭ شەرىئەتتىن توغرا يول تاللا. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە يېتەلەيسەن. ئېگەر - توقۇمنى پاك دىل، خىيانەتسىز ياساپ، نەپسىڭنىڭ بېشىغا يۈگەن سال. يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھەق ئوقياسىنى ياساپ، ھەقىقەت ئۈچۈن ئازدۇرغۇچى شەيتانغا ئوق ئاتساڭ، ھەقىقەت يولىنى تاپالايسەن. بۇ يولدا مەقسىتىڭ ھاسىل بولىدۇ.

خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئېگەر - توقۇمچى ئۆز ئەھۋالىنى بىلدى. خىشچى كۆرسەتكەن توغرا يول بىلەن دىلى يورىدى. ئەخمىقانە خىياللار بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ يىغلىدى. ئېگەر - توقۇمچى خىشچىنىڭ جاۋابى بىلەن ئۆز تەقدىرىدە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، دىلىدىكى تەشۋىشنى يوقاتتى. ئۇ خىشچىنىڭ ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يولغا باشلىغانلىقىغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپ، خىشچى كۆرسەتكەن يول بىلەن ئاخىرقى نىشانىغا يېتىشكە بەل باغلىدى.

## تۆگمەنچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

تۆگمەنچى خىشچىنىڭ ئىگەر - توقۇمچىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆزى ھەققىدە ئويلاندى. ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىنى ئېگەر - توقۇمچىنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئۇ

تەقدىرىنىڭ ئېگەر - توقۇمچىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاشلىقىنى بىلىپ قەلبى ئازابقا تولدى. ئۇ ئۆكۈنۈش بىلەن ئۆزىنى قىيناۋتقان ئىش ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزدى. لېكىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمىدى. تۆگىچى بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇش، توغرا يول تېپىش ئۈچۈن كۆڭلىدىكى يېشىلمەي كېلىۋاتقان تۈگۈنلەر ھەققىدە خىشچىدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي ئىشق ئوتىدا دىلى داغلانغان، ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى، ئادەم دۇنيا ئارا ئىنساپ قىلسا، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ياخشىلىق بارمۇ؟ ئەگەر بۇ ئىنساپ بىركىمنىڭ دەۋەت قىلىشىدىن بولسا، ئۇ ئىنساپنىڭ يەنە ياخشىلىقى بولامدۇ؟ كەسپلەر ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان كەسىپ قايسى؟ بۇنىمۇ سۆزلەپ بەرسەڭ بولامدۇ؟

خىشچى تۆگىچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. دىلىدىكى تەشۋىشنىڭ نېمىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلدى. خىشچى ئۇنىڭ دىلىدىكى ۋەھىمىنى چىقىرىپ تاشلاپ، توغرا يول تاللىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سورىغان سوئالىغا سەمىمىي جاۋاب بەردى:

— ئەي تۆگىچى، ئادەمنىڭ ئىنساپ قىلىش خىسلىتى ئادەمگە كۆپ مەنپەئەت، ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەمدە ھەر خىل ياخشى خىسلەتلەر بار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى خىسلەت

ئىنساپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەمدە ئىنساپ بولمىسا ئۇ ئادەم بولماي قالىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر ئىنساپى يوق ئادەملەرنى ئادەم دېمەيدۇ. جاھاندىكى ئادەملەر ئۆزىدىكى ئىنساپنى يوقاتسا، ئۇنىڭ ئادەملىك خىسلىتىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر كەسىپ ئەھلى ئىچىدە كىمىكى ئىنساپ بىلەن ھۈنەر قىلسا، ئىش قىلسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قەدىرلەيدۇ. جاھاندىكى ھەرقانداق ئادەم ئىنساپلىق بولسا، ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىپ دىلى پاك تۇرىدۇ. ئىنساپ بۇ ئۆتكۈنچى ئالەمدە توغرا يول تېپىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاقىل بولساڭ ئەھلى ئىنساپ بىلەن بول. جاھان ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا دىلىڭ پاك بولسۇن. ئەي تۈگمەنچى، قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇتۇپ سۆزۈمنى ئاڭلا. نادامەت بىلەن كۆز ياشلىرىڭنى تۆكۈپ، دىلىڭدىكى بۇزۇق خىياللارنى ئۇنتۇپ، ئۈمىد - ئارزۇ تاشلىرىڭ بىلەن تۈگمەن ماڭدۇرساڭ، ئۆز ئارزۇيىڭغا يېتەلەيسەن.

خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تۈگمەنچىنىڭ دىلى يورىدى. دىلىدىكى ۋەھىمە كۆتۈرۈلۈپ، تەشۋىش يوقاپ كەتتى. تۈگمەنچى ھەقىقەت يولىنى تاپتى. ئۇ خىشچىنىڭ ئۆزىگە توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن كۆز ياشلىرى بىلەن تۈگمەن چۆرۈشكە بەل باغلىدى.

## جوۋازچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ تۈگمەنچىگە بەرگەن جاۋابى جوۋازچىنىڭ دىلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنى ئۆرتىدى. جوۋازچى بۇ تەشۋىش، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندى. ئۆزىنى تۈگمەنچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. قىسمەتلىرى تۈگمەنچى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇڭا، دىلىنى ئۆرتىگەن تەشۋىش، ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز جىسمىدىن جاۋاب ئىزدىدى. لېكىن، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمىدى. ئۇ خىشچىدىن ياردەم سوراپ، بۇ تەشۋىش، ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق سوئاللارنى سورىدى:

— ئەي توغرا يولدا مېڭىشتا كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز، خۇدانىڭ بارگاھىغا لايىق ئىش نېمە؟ خۇداغا توۋا قىلىشنىڭ ساداقىتى نېمە؟ ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىش نېمە؟ گۇناھكارغا قايسى ئىش ياخشى؟ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل. جاۋابىڭدىن كۆڭلۈم شاد - خۇراملىققا تولسۇن.

خىشچى جوۋازچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. مەقسىتىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەشۋىش، ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقان ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، كۆڭلىدىن تەشۋىش، ۋەھىمىلەرنى

چىقىرىپ تاشلاپ، كۆڭلىگە ئارام بېرىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي جۇۋازچى، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي، قۇلىقىڭ بىلەن ئەمەس، دىلىڭ بىلەن ئاڭلا. ئەگەر ئاللاغا يېقىنلىشىشنىڭ يولىنى ئىزدىسەڭ، ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە نېمە ئەڭ لايىق دېسەڭ، ئاللانىڭ بارگاھىغا كۆپ ئىبادەت قىل. يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئىبادەتنى كۆپ قىل. ئاللانىڭ ھىممەت خەزىنىسى ھېسابسىز چەكسىز. جازاسى ئىچىدىمۇ ھىممەت ھېسابسىز كۆپ. ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە بار. لېكىن، ئاللانىڭ شېرىكى يوق. كۆز يېشى بىلەن دىلكۆيەر بار. ئەگەر تۆھپە ئىزدىمەكچى بولساڭ، بارلىقىڭنى تەقدىم قىل. ئاللا بۇ تۆھپەڭنى قوبۇل قىلىدۇ. كۆز ياشلىرىڭ، دەردلىرىڭ بىلەن تىلىسەڭ مەقسەتكە يېتىسەن. بۇنىڭدىن باشقىغا ئاللانىڭ ياخشىلىقى يوق. ئاللانىڭ پاناھلىق ئوتى بىلەن گۇناھلىق ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈپ تاشلا. ئەي جۇۋازچى، پاك دىلىڭ بىلەن جۇۋازچىلىق قىل. نادامەت بىلەن دائىم ئۆزۈڭنى بېغىشلاپ تۇرساڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولىدۇ.

خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ جۇۋازچىنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىلەر يوقىدى. دىلى نۇرلاندى. شۇڭا، ئۇ خىشچىنىڭ توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىگە چەكسىز تەشەككۈر ئېيتىپ، پاك دىلى بىلەن خىيانەتسىز ھۈنەر قىلىپ، كۆز ياشلىرى بىلەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشكە بەل باغلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قاسساپنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ جۇۋازچىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان قاسساپنىڭ دىلى ئەلەمدىن ئۆرتەندى. قاسساپ ئۆز قىسمەتلىرى بىلەن جۇۋازچىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، دىلىنى ۋەھىمە، تەشۋىش ئۆرتىدى. قاسساپنىڭ دىلىدىكى ۋەھىمە بىلەن تەشۋىش قىسماق بولۇپ، قاسساپنىڭ گېلىدىن قىستى. قاسساپ بۇ ئەلەملەردىن قۇتۇلۇشقا ئۆز جىسمىدىن ئەقىل ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۆز جىسمىدىكى ئەقىل ئازابلىرىنى يېنىكلىتىشكە قۇربى يەتمىدى. شۇڭا، قاسساپ نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ، قەلبىدىكى ۋەھىمە، تەشۋىشلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن خىشچىدىن ياردەم سوراپ مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي سائادەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئۇستاز، بۇ مۇشكۈل سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، مېنى ئەلەمدىن قۇتۇلدۇر. نېمە ئۈچۈن دىلىم ئۆلۈمنى ياد ئەتمەيدۇ؟ قانداق قىلسام، نېمە ئىشلارنى قىلسام ئاخىرەت ئىشلىرىغا مايىل بولىمەن ؟ ئۆلۈمدىن قورقۇشۇمنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ بۇنداق بولۇشقا نېمە سەۋەب بولىدۇ ؟

خىشچى قاسساپنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. قاسساپنى قىناۋاتقان كۆڭلىدىكى ۋەھىمە،

تەشۋىشلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى سەۋدالىق، نادانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھاياتى ھەققىدە جاۋاب بېرىش ۋاقتى كەلگەندە جاۋاب بېرىشكە دەسمايە يوق قۇربى يەتمەي قالغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، قاسساپنى بۇ ۋەھىمە، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي قاسساپ، سوئالىڭغا جاۋاب بېرىمەن، سۆزلىرىمنى دىلىڭ بىلەن ئاڭلا. بۇ ئالەمگە سەۋدا ئۈچۈن كەلگەنسەن. بۇ سەۋداغا مۇپتىلا بولساڭ زىياننى كۆپ تارتىسەن. سەۋداغا مۇپتىلا بولساڭ ئۆمرۈڭنى شامالغا سورۇۋېتىسەن. ئىلكىڭدە ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆردۈڭ. دەرگاھقا بېرىشتا ئىلكىڭنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ. مۇشۇ ۋەجدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسى سېنى قورقىتىدۇ. بۇنداق قورقۇشۇڭ ئىلكىڭنىڭ قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن خىجالەتتىن بولىدۇ. سۆزۈمنى ئوبدان ئويلا. ئەھلى - ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈم خەۋپى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئېيتىپ بېرەي. بىرى زىنداندىن چىقسا، بادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلسە، زىنداندىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن دىلىدا كۈرەش قىلىدۇ. بىرى زىنداندىن چىقسا پادىشاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا، زىنداندىن چىقسام بېشىم دارغا ئېسىلارمۇ دەپ قورقۇپ، زىنداندىن چىقماسلىقىقا كۆپ خەۋپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەي قاسساپ، دىلىڭدا خەۋپ بولسا، دىلىڭدا ئۆلۈم ۋەھىمىسى كۆپ ھۆكۈم سۈرسە، ھەق يولىدا دىلىڭنى پاك قىلىپ، يامان شۇم نەپسىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇربان قىلىپ، رىيازەت كانارى ئىزدىسەڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلىسەن.

قاساپ خىشچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئاجىزلىقىنى تونۇپ يەتتى. دىلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنى بىلدى. قاساپ ئۆز ئاجىزلىقى، خاتالىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خىشچىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن دىلىدىكى ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق ياشاش، قانداق ئىشلارنى قىلىشنى بىلىپ دىلى يورىدى. ئۇ خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلىدى.

## باققالنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ قاساپقا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان باققالنىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە باستى. باققال ئۆزىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن قاساپنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلدى. ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى كۆڭلىدىكى تۈگۈننى زورايتىپ قەلبىنى ۋەھىمە ئۆرتىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىشكە، قەلبىدىكى ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پەقەت قادىر بولالمىدى. شۇڭا، باققال ئىلاجسىز ئۆز كۆڭلىنىڭ پىنھان جايلىرىدىكى سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ، خىشچىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي خىشچى، بۇ سەپەردە ماڭا دوست بولساڭ بولامدۇ؟ مەن بۇ جاھاندا ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. بەزىدە بۇزۇقچىلىق قىلسام، گاھىدا يامان ئىشلاردىن ئۆزۈمنى تارتىمەن. مەن بەزىدە بۇزۇقچىلىقلاردىن تامامەن قول ئۈزۈپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن. گاھىدا خۇي - پەيلىم تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتسە، بەزىدە تولىمۇ مۇلايىم بولۇپ كېتىمەن. مىزاجىمدا ئىستىقامەت قىلىش ئۇقۇمى پەقەتلا يوق. ماڭا ئىستىقامەت قىلىشنى ئۆگىتىپ شاپائەت قىل. تەبىئىتىمنىڭ، مىجەز - خۇلقۇمنىڭ بىر خىل بولۇشىنىڭ ئىلاجىنى قىل. ئۆزۈم مىجەز - خۇلقۇمنى تۈزەشكە پەقەت ئامال قىلالمىدىم.

خىشچى باققالنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. باققالنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە، تەشۋىش پەيدا قىلغان، باققال ئىلگىرى ئۆزى ئېتىراپ قىلمىغان، قەلبىنىڭ چوڭقۇر پىنھان يەرلىرىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرگە بىلدۈرۈشنى خالىمىغان سىرلىرىنىڭ سەۋەبىدىن غەپلەت ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، باققالنىڭ قەلبىدىكى ۋەھىمىنى، تەشۋىشنى چىقىرىپ تاشلاپ، غەپلەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي باققال، سەن شۇم، شورى قۇرۇغۇر نەپسىڭنىڭ قۇلى بولۇپ قىلىپسەن. ۋۇجۇدۇڭنى نازۇك ھەۋەس قاپلاپ كېتىپتۇ.

جىسمىڭىزغا باغلانغان ئاشۇ ھەۋەس بەزىدە جىمىپ قالسا، بەزىدە قوزغىلىپ سىزنى ئارامىڭىزدا قويمايدىكەن. ئاشۇ نازۇك ھەۋەسنىڭ بىر تەرىپى بۇزۇقچىلىق ــ يامانلىققا تارتسا، يەنە بىر تەرىپى شەرىئەت ــ ئىلىم تەرىپىگە تارتىدۇ. بىرى ئىنسىيان كۆتۈرۈپ بۇزۇقچىلىق تەرەپكە تارتىدۇ. بىرى ياخشىلىققا مايىل بولۇپ، ئاشۇ تەرەپكە تارتىدۇ. سىزنىڭ يامان نەپسىڭىز غالىب كەلسە، ئۆزۈڭىزنى ئەدەپلىيەلىسەڭىز چارە قىلالايسەن. لېكىن، سەن بۇنىڭغا قادىر ئەمەس، ئاجىز ئىكەنسەن. ئۇنىڭ چارىسى شۇكى، سەھەرلەردە رىيازەت بىلەن ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت. سەن بۇ ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىساڭ، دىلىڭدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، توغرا يولدا پاك باشلامچى بولۇپ قالىسەن.

باققال خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى، ئاجىزلىقنى بىلىپ يەتتى. ئاشۇ ئىللەت ــ ئاجىزلىقنىڭ ئۇنى بىر ئۆمۈر قىيناپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ خىشچىنىڭ جاۋابىدىن بۇ ئىللەت ــ ئاجىزلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ تەدبىرىنى بىلىپ، ئاشۇ تەدبىر بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىشكە بەل باغلىدى.

## ئەۋرىشىمچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ باققالغا بەرگەن جاۋابى ئەۋرىشىمچىلەرنىڭ

قەلبىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇلار ئۆز تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن باققالنىڭ تەقدىر قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ قەلبىنى ۋەھىمە، تەشۋىش قاپلىدى. ئۇلار بۇ ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، جىسمىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت بۇنىڭغا قادىر بولمىدى. ئۇلار بۇ تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلالماي، ئازاب ئىچىدە نادامەت ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكتى. ئۇلار بۇ تەشۋىش، ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىشچىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ بۇ سوئاللارنى سورىدى:

— ئەي زۇلۇمدا قالغۇچىلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرغۇچى، بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بەرگىن، بىزنى بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرغىن. ئالەمدە ئادەم ئۇلۇغمۇ ؟ پەرىشتىلەر ئۇلۇغمۇ؟ بىزگە بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىن. پەرىشتىلەر ئادەمگە ئوخشاش ئەڭ بۈيۈكمۇ ؟ ئۇنىڭدىن ئىنسانلار توپى بەك تۆۋەن دەرىجىدىمۇ ؟ ئەي ئۇستاز، پەرىشتىلەر بىلەن ئادەمنىڭ ئىككىسىدىن قايسىسى ئەڭ ئۇلۇغ ؟

خىشچى ئەۋرىشىمچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ تولىمۇ نادان ئىكەنلىكىنى، نادانلىقتىن كۆڭلىنىڭ قارىداپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ نادانلىقتا غەپلەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. بۇ غەپلەت ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى توسىۋالغاچقا، جاھاندىكى ئاق ـ قارىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭ ھالىغا تولىمۇ ئېچىندى. شۇڭا، خىشچى ئەۋرىشىمچىگە ئۆزىنى قىيناۋاتقان مۇشكۇلاتنىڭ ئۆزىدىكى نادانلىق ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى غەپلەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن چىقىرىپ تاشلاپ توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي نادان ئەۋرىشىمچى، سۆزۈمگە قۇلاق سال، دىلىڭ بىلەن ئاڭلا. ئەگەر سېنىڭ كاللاڭدا زەررىچە ئەقىل بولغان بولسا، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ بىلەلىگەن بولاتتىڭ. ئاللا ئادەمگە ئەقىل، قەدىر - قىممەت ئاتا قىلدى. پەرىشتىلەر توپىغىمۇ ئەقىلنى يېتەرلىك بەردى. بەلكى ھايۋانلارغىمۇ ئەقىل ئىلتىپات قىلدى. بۇ مەرتىۋە بىلەن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بەلكى ئىنسانلار ئۆز ئەقلى بىلەن ئىتتىپاقلاشسا، ئۇنى پەرىشتىلەردىن ئەڭ ئۇلۇغ بىلگىن. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلى نەپسىدىن غالىب كەلسە، ئۇنى پەرىشتىلەردىن بۈيۈك مەرتىۋە بىل. ئەگەر نەپسى ئەقلىدىن غالىب كەلسە، ئۇنى ئېشەكتىنمۇ پەس بىلگىن. ئەي ئەۋرىشىمچى، ئەقلى كەم، نادان، قارا يۈز، كۆڭلى قارا. سېنىڭ دىلىڭدا دىن زەئىپ ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن چىرايىڭنى سارغايتىپ، كۆز ياشلىرىڭ قانغا ئايلانغۇچە يىغلا. شۇنداق قىلساڭلا سەن توغرا يول تاپالايسەن.

ئەۋرىشىمچى خىشچىنىڭ بەرگەن سەممىي جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇددىكى ئىللەتنى، ئاجىزلىقنى تونۇپ يەتتى. ئاشۇ ئىللەت - ئاجىزلىقلارنىڭ ئۆز دىلىدا ۋەھىمە، تەشۋىش پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ خىشچىنىڭ جاۋابىدىن بۇ ئىللەت - ئاجىزلىق

ئۇستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ يولىنى بىلىپ، ئاشۇ تەدبىر بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىشكە بەل باغلىدى.

## تاۋاقچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ ئەۋرىشىملەرگە بەرگەن جاۋابىدىن تاۋاقچىنىڭ دىلى ھەسرەتكە تولدى. تاۋاقچى ئۆز تەقدىر ـ قىسمىتى بىلەن ئەۋرىشىمچىلەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇزۇندىن بېرى قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان ۋەھىمە بىلەن تەشۋىش ئۆرتەندى. تاۋاقچى بۇ تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، جىسمىدىكى ئەقىل ـ ئىدراك، قەلبىدىكى بۇ ۋەھىمە، تەشۋىشنى چىقىرىۋېتىشكە قادىر بولالمىدى. شۇڭا، تاۋاقچى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇشقا خىشچىدىن ياردەم كۈتۈپ مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي خىشچى، مەن خەستىنى ئىنتىزار قىلما، سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان يول مەينىڭ جامىنى قولۇمغا بەر. مەن بۇ جاھاندا كۆپ زىيان تارتتىم . مېھنەت ئىچىدە دىلىم كۆپ ئازار يېدى. كۆڭلۈم غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتتى. بۇ جاھاندىن دىلىم ئاغرىدى. جېنىم بەكمۇ قىينالدى. ئەي دوستۇم ئېيتقىنا، مەن مۇشۇنداق مېھنەت چەكسەم

ئاقىۋەتتە ماڭا ياخشىلىق بارمۇ ؟
خىشچى تاۋاقچىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن، سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ نېمىدىن ۋەھىمە يەۋاتقانلىقىنى، نېمىگە ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. شۇڭا، خىشچى تاۋاقچىغا توغرا يول كۆرسىتىپ، كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ سوئالىغا سەممىي جاۋاب بەردى:
— ئەي تاۋاقچى، تۇرمۇشتا مېھنەت كۆپ بولىدۇ. سېنىڭ بېشىڭغا دۇنيا مۇشەققەتلىرى چۈشسە، جاھاننىڭ مۇشەققەت، كۈلپەتلىرى يېتەرلىك كەلسە، ئەگەر مۇشۇ كۈلپەت، مۇشەققەتلەرگە رازى بولساڭ، مۇشەققەت بىلەن ھەق يولىنى ئىزدىسەڭ، مۇشۇ تارتقان مېھنەتلىرىڭگە ياخشىلىق يېتىدۇ. ئاخىرەتتە ھەقتىن ياخشىلىق كۆرىسەن. «پاك مۇردىنىڭ تېنى تىرىلىپ جەننەتتە ياشايدۇ.» بۇ سۆزنى دۇنيا مۇشەققەتلىرىدىن كۆڭلى ئاغرىغان بىدىل ئۆز كىتابىدا دېگەن. ئەي تاۋاقچى، ھەشەمەتكە ئىنتىلىپ ئۆزۈڭنى خار قىلغىچە، پاراغەتكە يول ئىزدەپ ئۆزۈڭنى زار قىلغۇچە، ئەي تاۋاقچى، ئۆزۈڭنى خار - زار قىلساڭ ئاقىۋەتتە دىلىڭدا باھار جۇش ئۇرىدۇ. كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ دىلىڭنى پاك تۇت. دىل خۇمدانىنى ۋاقىت شاملى بىلەن دائىم تاۋلاپ تۇر.
تاۋاقچى خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى بىلدى. ئاشۇ ئاجىزلىقلارنىڭ ئۆز دىلىدا ۋەھىمە،

تەشۋىش پەيدا قىلىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ خىشچىنىڭ جاۋابىدىن بۇ ئاجىزلىق ئۇستىدىن غالىب كېلىشنىڭ يولىنى بىلىپ، ئاشۇ تەدبىر بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىشكە بەل باغلىدى.

## شالگەر ـ ساغىرچىلارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ تاۋاقچىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان شالگەر ـ ساغىرچى (قوي، ئۆچكە، كالا تېرىسىگە رەڭ بەرگۈچى) نىڭ كۆڭلىنى ھەسرەت باستى. شالگەر ـ ساغىرچى ئۆز تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى تاۋاقچىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. ئۆز تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، قەلبىدىكى ھەسرت دىلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان ۋەھىمە، تەشۋىشنى ئۆرتىدى. شالگەر ـ ساغىرچى كۆڭلىدىكى بۇ ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، جىسمىدىكى ئەقىل ـ ئىدراك بۇنىڭغا قادىر بولمىدى. شۇڭا، شالگەر ـ ساغىرچى ئاشۇ ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىشچىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ بۇ سوئالنى سورىدى:

— بۇ ئالەمدىكى ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى، ئاللانىڭ

ھۇزۇرىغا بارىدىغان دوستۇم. ئالەمدە ئەجەل ئوقىغا ئامال - چارە قىلغىلى بولامدۇ ؟ ئادەمنىڭ بېشىغا ھادىسە چۈشسە ئۇنى قايسى يول بىلەن رەت قىلغىلى بولىدۇ؟ ھادىسىگە ئىلاج قىلغىلى بولامدۇ ؟ بۇنىڭ تەدبىرىنى قانداق قىلىش كېرەك ؟

خىشچى شالگەر- ساغرىچىنىڭ سوئالىدىن ئۆلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى. كۆڭلىدىكى ۋەھىمە، ئەندىشىنى چۈشەندى. ئۆلارنىڭ نادانلىقتىن، كۆڭلى قارىلىقتىن غەپلەتتە ياشاپ، تاسادىپىي ھادىسىلەردە ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدە قالغانلىقىغا ئىچىندى. شۇڭا، خىشچى ئۆلارنىڭ دىلىدىكى ۋەھىمىنى چىقىرىپ تاشلاش، توغرا يول كۆرسىتىش، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سوئالىغا سەمىمي جاۋاب بەردى:

— ئەي شالگەر - ساغرىچىلار، كۆڭلى قارا، نادانلار. سوئالىڭلارغا جاۋاب بېرەي، دىل قۇلىقىڭلار بىلەن ئوبدان ئاڭلاڭلار. يەنە بۇ سۆزۈمنى بارلىق قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن. ئەگەر، ھادىسىلەرگە، ئۆلۈمگە ئىلاج ئىزدىمەكچى بولساڭلار، ھەممە ئىش ھەققىدە كۆپ سۆزلىمەي تىلىڭلارنى يىغىڭلار. بەزىدە ئەجەلگە كۆپ سۆزلەش، تىلى ئىتتىكلىك قىلىش سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي ھادىسىگە ئۇچرىماي، ئەجەل ئوقى تەگمىسۇن دېسەڭلار بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلاڭلار: «تىلىڭنى يىغ چىشىڭ سۇنمىسۇن، خالايىق مەسخىرە قىلىپ كۈلمىسۇن. » يەنە بۇ ھېكمەتنىمۇ ئاڭلاڭلار: «تىل يۈگۈرۈكى

باشقا چىقار، پۈت يۈگۈرۈكى ئاشقا چىقار.» ئەي شالگەر- ساغرىچىلار، كاللاڭلارنى سىلكىۋېتىڭلار، بۇ جاھاننىڭ شاراپىتىدىن بەھرە ئېلىپ تېزدىن ئەقىل تېپىڭلار. بۇ جاھاندا تۇغۇلۇپ ئۆلمەيدىغان جان يوق. سىلەر يۈزۈڭلارنىڭ تېرىسىنى تىلىپ، نالە - زار بىلەن ئىبادەت قىلىپ دىلىڭلارنى زىنىنەتلىسەڭلار، دىلىڭلاردىكى ۋەھىمىدىن قۇتۇلىسىلەر.

خىشچىنىڭ جاۋابىدىن شالگەر - ساغرىچىلار ئەقلىنى تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى، نادانلىقىنى بىلىشتى. ئاشۇ ئاجىزلىقلارنىڭ ئۆز دىللىرىدا ۋەھىمە، تەشۋىش پەيدا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. ئۇلار خىشچىنىڭ جاۋابىدىن بۇ ئاجىزلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ يولىنى بىلىپ خۇشال بولۇپ خىشچىغا تەشەككۈر ئېيتىشتى. ئۇلار خىشچى كۆرسەتكەن ئەقىل بىلەن ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىشكە بەل باغلاشتى.

## كىمسەنچى، سىرچىلارنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ شالگەر - ساغرىچىلارغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ كىمسەنچى (ئالتۇن، كۈمۈش سۈيى بىلەن خۇرۇمغا ھەل بەرگۈچى)، سىرچىلارنىڭ كۆڭلى ئۈمىدكە تولدى. كىمسەنچى،

سىرچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن شالگەر ـ ساغىرچىلارنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزۆندىن كۆڭلىدە پەيدا بولغان تۈگۈن، ۋەھىمە، تەشۋىشلەرگە خىشچىنىڭ توغرا جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىنى ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ مۇنداق سوئال سوراشتى:

— ئەي پىر ـ ئۇستاز، بۇ جاھاندا بىزنىڭ جېنىمىزغا پاناھ بول. سەندىن ئۆتۈنەيلى، سوئالىمىزغا جاۋاب بەرگىن. ئۇلۇغلۇق قانداق بولىدۇ ؟ ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنىسى قانداق بولىدۇ ؟ بىزگە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەھۋالىنى، ساخاۋەتلىك كەسپىنى بايان قىلىپ بەرگىن. بىز ئۇنى بىلىشكە چىن دىلىمىزدىن تىرىشىمىز.

خىشچى كىمسەنچى، سىرچىلارنىڭ سوئالىدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسىنىڭ ھەسەتتىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا ھەسەت قىلىپ، دۇنيادا تەشۋىش، ۋەھىمىدە ئەلەم بىلەن ياشاۋاتقانلىقىغا ئېچىندى. ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يول كۆرسىتىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سورىغان سوئالىغا سەممىي جاۋاب بەردى:

— ئەي ھەسرەت ئىچىدە كۆپ يىغلىغانلار، ئۇلۇغلۇقنىڭ

شەربىتىنى كۆز يېشى دەپ بىلىدىكەن. ئۇلۇغ بولۇشقا بىلىنگەنلارنى چىڭ باغلاڭلار، ئۇلۇغ بولاي دېسەڭلار يوقسۇللارغا مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلىڭلار. بىمارلارغا شاپائەتلىك قولۇڭلارنى سۇنۇپ ياردەم قىلىپ خۇشال قىلىڭلار. ئەمالارغا يول كۆرسىتىدىغان ھاسا تايىقى بولۇڭلار. تېخى يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسىتىڭلار. ئاجىز ـ ناتىۋانلارنى كۆرسەڭلار شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇپ خۇشال قىلىڭلار. سىلەر مۇشۇ ئىشلارنى ئۇلۇغ بىلىپ، ۋۇجۇدقا چىقىرالىساڭلار ئۇلۇغ بولالايسىلەر. ئەي سىرچى، كىمسەنچى سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، بۇ ئىشلارغا ھازىر جىنىڭلارنى پىدا قىلساڭلار، بۇ ئۇلۇغلىق بولىدۇ. دىلىڭلار تەختىنى مال ـ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، ئىبادەت قىلىپ پاكلاپ، كۆز ياشلىرىڭلارنى سىر قىلىپ سىرلىساڭلار مەقسىتىڭلار ھاسىل بولىدۇ.

كەمسەنچى بىلەن سىرچى خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى بىلدى. قەلبىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقتىن پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندى ھەمدە خىشچىنىڭ جاۋابىدىن دىلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ توغرا يولىنى بىلىپ خىشچىغا تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇلار خىشچىنىڭ ئۆزلىرىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بەل باغلىدى.

## بورىچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

خىشچىنىڭ كىمسەنچى، سىرچىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ بورىچىنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى. بورىچى ئۆزىنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرى بىلەن كىمسەنچى، سىرچىلارنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، تەقدىر - قىسمەتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدى. قەلبى ئۈمىدكە تولدى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى. شۇڭا، ئۇ ئۇزۇندىن كۆڭلىدە پەيدا بولغان تۈگۈن، ۋەھىمە، تەشۋىشلەرگە خىشچىنىڭ توغرا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنى ۋەھىمە، تەشۋىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي پىر - ئۇستاز خىشچى، بۇ دۇنيادا كۆڭلۈم مالال. ماڭا بۇ جاھان ئىچىدە ھېچقانداق يەردە ئاسايىشلىق نېسىپ بولمىدى. ھەرقاچان تۇرلۇك غەم - قايغۇلار بىلەن كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈپ تۇردى. بۇ جاھاندا كۆڭلۈم ھەر ۋاقىت پەقەت تىنمىدى. ھەرقانداق نەرسىدىن راھەت تاپمىدىم. نېمىشقا بۇ جاھان ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئامانلىق يوق ؟ نېمىشقا ئاسايىشلىقتىن نىشان يوق ؟

خىشچى بورىچىنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە ھەققىدە ۋەھىمە يەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئابرۇيىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ ئارزۇيىغا يېتەلمەي ھەسەت قىلىپ، دۇنيادا تەشۋىش،

ۋەھىمىدە ئەلەم بىلەن ياشاۋاتقانلىقىغا ئىچىنىدى. ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۇرۇپ، ئۇلارنى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يول كۆرسىتىپ، توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سورىغان سوئالىغا سەمىمىي جاۋاب بەردى:

— ئەي بورىچى، بۇ دۇنيادا ئۆمرۈڭ شۇنداق كۆپ جەبىر - جاپا بىلەن ئۆتۈپتۇ. بۇ جاھاندا كۆڭلۈڭ ئابرۇيۇڭنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، دىلىڭ خۇشال - خۇرام يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كۆڭلۈڭدە يۈز مىڭ ئارزۇ - ئارمانلار بار. خىيالىڭدا تۈرلۈك - تۈمەن ئارزۇلارغا يېتىشنى ئويلايسەن. سەن شۇنىڭغا ئوخشاش دىلىڭ دۇنيانىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۆزۈڭ ئۆز ئاسايىشىڭنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قېلىپسەن. سەن بۇنىڭدىن قۇتۇلساڭ ئارزۇيۇڭ چىراي ئاچىدۇ.

بورىچى خىشچىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى بىلدى. كۆڭلىدىكى تۈگۈن، ۋەھىمە، تەشۋىشلەر يېشىلدى. ياشاشنىڭ توغرا يولىنى بىلىپ كۆپ خۇرسەن بولدى. بورىچى خىشچىنىڭ ئۆزىگە توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلىدى.

## ساتىراشنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

ساتىراش خىشچىنىڭ بورىچىغا بەرگەن جاۋابىدىن ئىلھام

ئالدى. ئۇ ئۆز تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن بورىچىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز تەقدىر ـ قىسمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزدى. تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنىڭ بورىچىنىڭ تەقدىر قىسمەتلىرى بىلەن ئوخشاشلىقىنى بىلىپ، ئۆز كۆڭلىدە ئۇزۇندىن بۇيان سىر بولۇپ كېلىۋاتقان، دىلىنى ئازابلاۋاتقان تەشۋىش، ۋەھىمىلەرنى چىقىرىپ تاشلاشقا خىشچىنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىغا، توغرا يول كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق سوئال سورىدى:

ـــ ھەق يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن. ئېيتقىنا، ئۇخلاش ياخشىمۇ ياكى ئويغاق يۈرۈش ياخشىمۇ ؟ بۇ ئىككىسىگە ھۆكۈم قىلىپ بەر. مەن قانداق ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئۇخلىسام بولىدۇ. مەندىكى بۇ ئويغاق يۈرۈش ۋەسۋەسىسى نېمە سەۋەبتىن بولىدۇ ؟ جاھاندا ئۇخلىماي يۈرۈش ياخشىمۇ ياكى ئۇخلاش ئازابى ياخشىمۇ ؟ ماڭا بۇ ھەقتە جاۋاب بېرىپ مېنى خاتىرجەم قىلغايسەن.

خىشچى ساتىراشنىڭ سوئالىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى. كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزىنى قىيناۋاتقان تۈگۈننى يېشىشكە ياردەم بېرىپ، تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا يولدا مېڭىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سوئالىغا سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئەي ساتىراش، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن كۆز ياشلىرىڭنى ئىختىيارسىز تۆككىن. سېنىڭ كۆزۈڭ ئويغاق بولسىمۇ دىلىڭ ئۇخلايدۇ. دىلىڭدىكى ئۇيقۇ كۆزۈڭنى توسۇۋالغان تۇرسا، ئۇنى قانداق ئويغاق دېگىلى بولسۇن؟ دىلىڭ كۆزىنى غەپلەت بېسىپ كەتكەچكە سەن ھوشيار ئەمەس. كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرسىلا ئۇ ئويغاقلىق ھېسابلانمايدۇ. دىل كۆزۈڭ روشەن بولسا، كۆزۈڭ ئۇخلىسىمۇ دىلىڭ گۈزەل، كۆزۈڭ روشەن بولۇپ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر سەن ھەقىقىي ئويغاقلىقنى ئىزدىمەكچى بولساڭ، دىل كۆزۈڭنى روشەن، ھوشيار قىل. ئوچۇق كۆزۈڭنىڭ روشەن بولۇشىغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەي، ئەي غېرىب، دىلىڭ كۆزىنىڭ روشەن بولۇشىنى كۆزلە. نىيەت قىل. ئەي غېرىب، كۆزۈڭنى يۇم، دىل كۆزۈڭنى ئاچ. جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە دىل كۆزۈڭنىڭ ياشلىرىنى چاچ. دىل كۆزۈڭنى ئېچىشقا ھەۋەس قىلساڭ، ئوچۇق كۆزۈڭدىن ياش تۆكمىسەڭمۇ بولىدۇ. ئەي ساتىراش، كۆزۈڭنى يۇم، ئەقىل كۆزۈڭنى ئاچ. دىلىڭدىن ۋەسۋەسىنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئەقىل كۆزۈڭنى چوڭ ئاچ. سەن شۇنداق قىلالىساڭ، سەن ئۆز سوئالىڭغا ئۆزۈڭ جاۋاب بېرەلەيسەن.

ساتىراش خىشچىنىڭ جاۋابىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقنى، نادانلىقنى تونۇپ يەتتى. كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىنىڭ مەنبەسى ئۆزىگە ئېنىق بولۇپ دىلى يورىدى. خىشچىدىن كۆڭلىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ

ئامالىنى بىلىپ شادلىققا چۆمدى. ئۇ خىشچىنىڭ ئۆزىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، توغرا يولغا باشلىغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، خىشچى كۆرسەتكەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بېلىنى چىڭ باغلىدى.

## كۆنچىنىڭ سوئالىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى

كۆنچى خىشچىنىڭ ساتىراشقا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ھەسرەتكە تولدى. ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە ئۆكۈنۈپ، غەپلەتتە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ، ياقىسىنى يىرتىپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلدى. ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى دىلىنى ئۆرتىدى. ئۇ ئۆز تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ ۋەھىمىسىدە خىشچىدىن بۇ سوئالنى سورىدى:

ـــ ئەي پىر ـ ئۇستاز، باشقىلارغا جاۋاب بەرگىنىڭگە ئوخشاش ماڭىمۇ كەڭ ـ كۇشادە جاۋاب بەر. قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ يىغىلىشتا قانداق تىك تۇرىمەن؟ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى، گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلغان جاپادىن قورقىمەن. ئۇ كۈنى قەبرىدىن قانداق قوپىمىز؟ گۆردىن ئۆز ھالىمىز بىلەن چىقىمىزمۇ ياكى گۆردىن شەكلىمىز ئۆزگىرىپ، قورقۇنچلۇق ھالەتتە قوپىمىزمۇ؟

كۆنچىنىڭ سوئالى خىشچىنىمۇ ئويلاندۇردى. ئۇ قىيامەت كۈنىدىكى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بىلمىگەچكە قىيامەت

كۆڭلىنى ئويلاپ، ئازابتىن كۆڭلى ئۆرتىنىپ، يىغان بىلەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، كۆڭچىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەي غېرىب، قىيامەت كۆڭلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، بۇ مەككار دۇنياغا باغلىنىپ قالما. ئۇ كۆڭلى ھەممە ئادەم تىرىلىپ گۆردىن چىققىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. بەزىلەر گۆردىن ئادەم شەكلى بويىچە چىقىدۇ. بىرى بېشىنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش كۆتۈرسە، بىرى ئىتقا ئوخشاش بولۇپ باش چىقىرىدۇ. بىلىپ قال، ھەربىر ئادەمنىڭ قايسى ماھىيىتى غالىب كەلسە، قەبرىدىن ئاشۇ سۈپەت بىلەن چىقىدۇ. بۇ ئالەمدە ئەھۋالى قانداق بولسا، گۆردىن شۇ خىل ئەھۋال بىلەن چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئەقلى غالىب كەلسە، دوستلارغا ئوخشاش چىقىدۇ. ئەگەر نەپسى غالىب كەلسە، يىلانغا ئوخشاش چىقىدۇ. جاھان ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى غالىب كەلسە، قەھرى بىلەن چوشقىغا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى غالىب بولسا، گۆردىن ھەيۋەت بىلەن قاپلان، شىر چىقىدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا كىبىرلىك بىلەن ياشىسا، قىيامەت كۆنى خار بولىدۇ. ئۇ يەردە ھەسرەت ئوتىدىن يالقۇن چىقىدۇ. كەمتەر بولسا، بېشى ئۈستۈن بولىدۇ. تەكەببۇر بولسا، شەرمەندە بولىدۇ. تەمەگەر بولسا، ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىدۇ. ھەسەتخور بولسا، يىلان ـ چايانغا ئوخشاش بولۇپ قوپىدۇ. بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيا ئىزدىگەنلەر قىيامەت كۆنى كۆپ جەبىر ـ جاپا چېكىدۇ. بۇ دۇنيادا پېقىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ،

پېقىرلارغا دوست بولغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئىززەت ـ ھۆرمىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەي كۆنچى، سۆزۈمنى دىلىڭنى كەڭتاشا قىلىپ ئاڭلا. جاھان لىباسىنى ئاھىڭ بىلەن توقۇپ چىق. قۇلىقىڭ ساغرۇ بولۇپ، بۇ ئالەمدىكى يامان گەپ ـ سۆزلەرنى، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى ئاڭلىمىسۇن. ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئالەمدىن بەھرە ئالمىساڭ، يوقىرىدا ئېيتىلغانلارغا ئەمەل قىلالىساڭ قىيامەت كۈنى ئادەم شەكلىدە تۇرۇپ ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىسەن.

كۆنچى خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆزلىرىدىن قان ـ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزدى. تەكەببۇرلۇق، كىبىرنى تاشلىدى. ساخاۋەت ـ ھىممەت ئىشلىرىنى باشلىدى. جاھاندىكى پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، غەزەپ ـ ھەيۋىسىنى ئۇچۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ياخشىلىق، مۇلايىملىق، سەمىمىلىك، پاكلىق كەمەرىنى بېلىگە چىڭ باغلىدى.

## شائىر غېرىبىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان خىتابى

ئەي غېرىبى، سۆزۈڭنى تۈگىتىپ، ۋەيرانە ئورۇننى ماكان تۇت. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم، باقىي ئەمەس. بۇ ئۆمرۈڭنى ئىنتايىن ۋاپاسىز بىل. بۇ جاھان ئىچىدە كۆپ خاتالاشتىڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆپ جاپا قىلدىڭ. جاھان ئىشلىرىدىن قولۇڭنى

يىغىپ، ئېتىكىڭنى سىلكىپ، خۇدادىن گۇناھىڭنى تەلەپ قىلغىن.

## شائىرنىڭ نەسىھەتى

ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ھۈنەرۋەنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش، زامان ئەھلىنىڭ بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ئاچ كۆزلۈك، ھەسەتخورلۇقتىن چىرىپ كەتكەن مېڭىسىنى، ئەقىل - ھوشىنى مەرىپەت گۈلباغچىسىدا پەرۋىش قىلىش، ھەممە ئادەمنى توغرا يولغا چاقىرىش ۋە ئەسلىي مەقسەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن شائىر مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— ئەي ھۈنەرۋەنلەر، ھەق يولىنى ئىزدىسەڭلەر، شەرىئەت ئەھلىدىن ساۋاق ئېلىڭلار. ئەگەر ھەقنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولساڭلار، بۇ ئالەمدە شەرىئەتنىڭ توغرا يولىنى تۇتۇڭلار. شەرىئەت ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەقسىتىڭلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب تاپالايسىلەر. كىشىلەر ھەرقانداق ھۈنەرنى ئىختىيار قىلسا، شەرىئەت ھۆكۈمىنى چىڭ تۇتۇپ ئىش قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەرقانداق ئادەم شەرىئەتسىز كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنداق ئادەملەرنى جىنايەتچىلەردىن بەتتەر بىلىش كېرەك. مېنىڭ كۆزۈم خىرە، رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم قىلغۇچى تىرىكى «غېرىبى» غا شەرىئەت يولىنى كۆرسەت.

## كىتابنىڭ خاتىمىسى

شائىر بۇ «كىتابى غېرىب» نى تاماملاش ۋە ھاكىم زۇھۇرىدىنغا مەدھىيە ئوقۇش، كىتابنى يېزىشنىڭ سەۋەبىنى، جەريانى، يېزىلغان تارىخىنى بايان قىلىش، كىتابنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزۈتۈپ ئوقۇش، ئەپۇ سوراش ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ.

ئاشۇ دەۋردە قەشقەردە بىر شاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ دىلى قەسىر ئىچىدە غەم ـ قايغۇغا تولغان ئىدى. ئۆزى شان ـ شەۋكەتلىك قەشقەرنىڭ شاھى بولۇپ، ئۆلۈم خەۋپىدىن دىلى سۇنۇق ئىدى. شاھنىڭ ئىسمى زۇھۇرىدىن بولۇپ، بېشىدا شاھلىق تاجى بار ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدا شەرىئەت راۋاج تاپقان ئىدى. ئۇ جاھان كىزىپ نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەن ئىدى. ئاشۇ شەۋكەتلىك شاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەن ۋەيرانىدا ئولتۇرىدىغان ھۇقۇشمۇ بار ئىدىم. مەن ھەرقاچان ئۆلۈم ئەھلىگە ھەمراھ بولاتتىم. ئەھلى ئۇلۇغلارنىڭ پەگالىرىدا خىزمەتتە يۈرەتتىم. جاھان ئەھلىدىن ناھايىتى بىزار ئىدىم. غۇربەتچىلىكتە جاھاندىكى ئەھۋالىم قىيىن ئىدى. مىنىڭ ئىسمىم تۇردى، لەقىمىم «غېرىبى» ئىدى. شاھ مۇشۇنداق بىر

كىتاب تۈزۈپ، خالايىقنىڭ دىماغىغا گۈلاپ يەتكۈز دەپ بۇيرۇدى. بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سۆزىنى پۈتۈنلەي ئەكس ئەتتۈرۈپ نەزمە توقىساڭ، پۈتۈن خالايىق ئاڭلىسۇن. تېخى مەرىپەتنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، شەرىئەتنى ھەم ئېنىق شەرھلە. جاھان ئەھلى مەككارلىق قىلمىسۇن. ھاۋايى - ھەۋەسنى ئۇنتۇپ كەتسۇن. ھەمىشە شەرىئەت يولىنى ئىزدىسۇن. بارلىق ھۈنەرۋەنلەر سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، شەرىئەت يولىدىن باشقا يولدا ماڭمىسۇن. بۇ ئەمىر گويا پىر ئۇستازدەك بۇ ھەقتە ئەقىل كۆرسىتىپ، قانداق يېزىشىم ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ ماڭا مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلدى. ئەمىرنىڭ بارلىق پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ، ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدىم. بۇ كىتاب، بۇ جاھان ئىچىدە ئاجايىپ بىر كىتاب بولۇپ قالسۇن. كىتابقا «كىتابى غېرىب» دەپ ئىسىم قويدۇم. تېخى كىتابنىڭ يېزىلغان تارىخىغا نەزەر سالماقچى بولساڭ، غېرىبنىڭ ئاي نۇرىنى چاچتى. «غېرىب» بىلەن «ئاي» نى ھېسابلىساڭ (بۇ يەردە ئەبجەد ھېسابى قوللىنىلغان . بۇ خىل ھېسابلاشتا رەقەملەرنى ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ سۆز ئويۇنى ئوينىتىدۇ) 1841 - يىلى بولىدۇ.

زامان ئەھلى ئەگەر بۇ كىتابنى كۆرسىڭىز، تۇيۇقسىز خاتالىقنى كۆرسىڭىز، تۈزىتىپ ئوقۇپ ساۋاپ ئېلىڭ. خاتالىقنى كۆرسىڭىز بىزگە كۆپ تاپا - تەنە قىلماڭ. خاتالىقنى تۈزىتىڭ، بىزگە كۆپ ئەلەم قىلماڭ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

艾力比之书：维吾尔文/图尔迪·纳孜姆·艾尔毕著；阿卜杜热西提·伊卜拉依木修改编. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
（享受少儿名著丛书. 第2辑）
ISBN 978-7-5469-1445-9

Ⅰ.①艾… Ⅱ.①图… ②阿… Ⅲ.①散文集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035776号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 享受少儿名著丛书 - 2 (4) |
| 书　　名 | 艾力比之书 |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 图尔迪·纳孜姆·艾尔毕 |
| 编　　写 | 阿卜杜热西提·伊卜拉依木 |
| 责任编辑 | 买哈巴·铁外库 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 阿不都热依木·阿不力米提 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 4.875 |
| 版　　次 | 2011年3月第1版 |
| 印　　次 | 2011年3月第1次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978 - 7 - 5469 - 1445 - 9 |
| 总 定 价 | 106.00元（全10册） |

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

## ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

رەۋزەتۇززۆھرە

مىلك ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن

رابىيە - سەئىدىن

**كىتابى غېرىب**

مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئەتەبەتۇلھەقايىق

غېرىب - سەنەم

تاھىر - زۆھرە

كەلىلە ۋە دېمنە

ھۆرلىقا - ھەمراجان

12.00

ISBN 978-7-5469-1445-9
9 787546 914459
总定价: 106. 00元（全10册）

كىتابى غېرىب